

ھۆسەنجان نامان

# دولان مەشرەپ ـ مۇقامىنىڭ
# سىھرىي كۈچى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ھۈسەنجان نامان

# دولان مەشرەپ ـ مۇقامىنىڭ سېھرىي كۈچى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

刀郎麦西来甫的魔力：维吾尔文/玉山江·纳曼著.
喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.1（2010.3 重印）
ISBN 978－7－5373－1606－4

Ⅰ.刀… Ⅱ.玉… Ⅲ.维吾尔族－民族歌舞－研究－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.J722.221.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 012849 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木
责任校对：古丽巴哈尔·麦麦提依明

# 刀郎麦西来甫的魔力

玉山江·纳曼 著

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米　1/32 开本　5.5 印张
2008 年 1 月第 1 版　2010 年 3 月第 2 次印刷
印数：1581 — 3080　定价：12.00 元

# كىرىش سۆز

مەشرەپ — مۇقاملارنىڭ ئەڭ يىراق ئەنئەنىۋى سورۇن شەكلى. ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرىدە ئەخلاق ۋە ئاممىۋى ئىنتىزام، سەنئەت ۋە تەربىيە بىرلەشكەن بولىدۇ. مەشرەپ سورۇنىغا ناپاك، مەست، ناباب كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدۇ. كىچىكتىن كەلگەن، سە- ۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەر كەچۈرۈم سوراشقا، ھەر خىل يۇمۇرلۇق ياكى مەسخىرىلىك جازاغا، ھەتتا جەرىما- نىگە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى ئۆزئارا مۇئامىلە، ئول- تۇرۇپ قوپۇش، چاي تۇتۇپ بىيىت ئېيتىشىش، ئۇسسۇل ئويناش، سالام - سەھەت قاتارلىقلاردا ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئاق كۆڭۈللۈك، مەردانىلىك، سېخىي- لىق قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە- پاساتلارغا يول قويۇل- مايدۇ، نەتىجىدە مەشرەپلەر كۆڭۈل ئېچىش، تەربىيە بىر گەۋدە قىلىنغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتى، مۇقام - مەشرەپ مەدەنىيىتى ۋە «ئەخلاق - پەزىلەت مەكتىپى» لىك رولنى ئۆتەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنى مۇناسىپ يېشىغا يەتكەندە مەشرەپكە قاتناشتۇراتتى ۋە ئۆزلە- رىمۇ ھاياتىنى مەشرەپ قويىنىدا ئۆتكۈزۈشكە

تىرىشاتتى. شۇ سەۋەبلىك خەلق ئارىسىدا «مەشرەپ كۆرگەن»، «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېگەن سۆز بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلاقى، كامالەت دەرىجىسى، خۇلق- مىجەزىنى باھالايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ بىرگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىيى- ىتىگە نىسبەتەن خەلق مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ قانچىلىك زور تارىخىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن- لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيى- سىدە ساقلىنىۋاتقان دولان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تەربىيى- لىنىش شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئاۋاتتا پارلىغان دولان مەدەنىيىتىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەشۋىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ كىتابتىكى بەزى ماقالىلەردە تارىخىي ۋە ئىلمىي قاراش جەھەتتە بەزى چوڭقۇر بايان قىلىنمىغان ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەي قالغان جايلار بولۇشى تەبىئىي. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ، شۇنداقلا مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتوردىن
2005- يىل 5- ئۆكتەبىر، ئاۋات

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەر-
بىيىسىدىكى رولى .................... 1
ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئەڭ-
گۈشتەر .......................... 7
ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى..... 21
«ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستى-
كىسى» توغرىسىدا .................. 35
«ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستى-
كىسى» توغرىسىدا .................. 40
«ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستى-
كىسى»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى .... 46
دولان مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى تۆت پەسىل
ئوبرازى ......................... 56
دولان راۋابىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى..... 68
مۇزىكا ئەقىل- پاراسەتنىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى.. 83
مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئۆمۈر چولپانلىرى ...... 94
دولان مۇقام مەشرەپلىرىدىكى ئارقىغا پۈت تارتىش
ھەرىكىتى توغرىسىدا ................ 110
ئاۋاتتا چاقنىغان دولان مەدەنىيىتى .......... 114

6ـ ئەۋلاد مۇقام ئۇستازى ــ ئابدۇقادىر مۇسا ... 125
كۆزگە كۆرۈنگەن دولان مۇقامچىلىرى ........... 131
دولان مۇقام ئۇسسۇلىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن
ھالقىتقان كىشى ...................... 134
دولانلىقلارنىڭ تۇخۇم چېكىشىش ئويۇنلىرى ... 136
«دولان زىل باياۋان مۇقامى» نىڭ ئۆتمۈشى ۋە
بۈگۈنى ........................ 146
دۇنياغا يۈزلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام» ....... 157

# ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدىكى رولى

بىز ئۇيغۇرلاردا بۇرۇندىن تارتىپ قائىدە- يوسۇنسىز، ئەدەپ- ئەخلاقسىز، بوشاڭ، ئۇرۇشقاق، چىدىماس... كىشىلەرنى «مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەم ئىكەن» دەيدىغان ئادەت بار.

ئۇيغۇرلار قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى، ئۇيغۇر مىڭئۆي بۇددا سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى... ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت خەزىنىلىرىدۇر.

بىز ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تارتىپ قائىدە- يوسۇنسىز، ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز، بوشاڭ، ئۇرۇشقاق، چىدىماس... كىشىلەرنى «مەشرەپ كۆرمىگەن» دەپ مەسخىرە قىلىمىز. بۇ سۆز قانداقتۇر بىرەر پەيلاسوپ ياكى مۇتەپەككۇر، ئۆلىما، يازغۇچى، شائىر، بەگ- تۆرە، پادىشاھ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولماستىن، دەل مۇقەددەس ئۇيغۇر مەشرەپلىرى مەدە-

نىيىتىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك سۆزى! شۇنداق، بۇ سۆز قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ جەۋھىرى. «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» دېمەكلىك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جېنى! ئادەم تەربىيىلەشنىڭ قېلىپى، ئادەم بولۇشنىڭ ھاياتى كۈچى. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى»نى، بىلىدىغانلار، چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغانلار ساناقلىقلا قالدى. ئەمما، بولبۇلنى ھۆپۈپكە تېگىشىدىغان ئەخمەقلەر بەزمەخانا، رېستوران، قاۋاقخانىلاردا ھۆپۈپتەك سېسىق كېكىرىپ، ۋالىس، رومبا، تاڭگو... دېگەنلەرنى چوڭ بىلىپ ئوينايدىغانلار سان جەھەتتە بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىمىزنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە (ناخشا - ئۇسسۇل) ۋە ھەرخىل ئويۇنلار گىرەلەشتۈرۈلگەن، خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ۋە ھايات كارتىنىلىرى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي شەكلى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق جاھان ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىدە ئۆز قىم-

ـمىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«سەنئەت ــ شۇ مىللەت ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھاياتىنىڭ جانلىق ئىنكاسىدۇر» دېيىلگىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ قايناق ھېس- ھاياجانلىق كەيپىياتلار خەلق مەشرەپلىرىدە تولۇق نامايان بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ قىزىقارلىق ئويۇن تۈرلىرىدىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغا قاتتىق، مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش تەرتىپ- ئىنتىزاملىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا كەڭ دائىرىدىكى ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيىسى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدىكى بىر يۈرۈش قائىدە- تۈزۈملەر نوقۇل مەشرەپنىڭلا قائىدە - تۈزۈمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئەخلاق مىزانلىرىنى ھىمايە قىلىش، كىشىلەرنى ئەدەپ- ئەخلاق قارىشىغا ئىگە قىلىش؛ ئەدەپ- ئەخلاق، ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەتلەرگە مۇخالىپ كېلىـ- ـدىغان ئىشلاردىن چەكلەش رولىنى ئۆتەپ كەلدى. مەشرەپلەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بىلەن ئەدەپ- ئەخلاق قائىدىلىرى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى قائىدە- تۈزۈم، كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەت مەشرەپلەردە تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ياش ئەۋلادلارنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق، غايىلىك، تەرتىپـ-

-لىك، ئىنتىزامچان، ئەمگەكچان، ئەقىل- پارا-
سەتلىك قىلىپ تەربىيلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول
ئوينايدۇ.

ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە
ئىگە مول مېۋىلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردىن بىزنى
سۆيۈندۈرۈپ خۇشال قىلىسىمۇ، لېكىن بەزى جەھەت-
لەردىن بىزنى يەنىلا ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قايتا
ئويلىنىشقا ئۈندىمەكتە. ئۆزىدە تالاي ئىلغار مەدە-
نىيەت ئېلېمېنتلىرىنى ھازىرلىغان قىسمەن ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەتلىرىمىز بىزدىن بارغانسېرى يىراقلاپ
بارماقتا. ئەڭ ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراس-
لىرىمىزدىن بىرى بولغان ــــ قەدىمدىن تارتىپ
خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى، ئەدەبىيات- سەنئەت
مەكتىپى، ئەدەپ- ئەخلاق بۆشۈكى بولۇپ كەلگەن
ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدىكى ياخشى ئەنئەنىلەرنىڭ
بارغانسېرى سۇسلاپ، نە ھېچبىر تەربىيىۋى
ئەھمىيىتى، نە ھېچبىر خاسىيىتى يوق ھاراق
سورۇنلىرىغا، رېستوران- بەزمىلەرگە ئورۇن بېرىشكە
مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان، خۇددى تارىم ۋادىسى-
دىكى بەردەم توغراق، يۇلغۇنلارنىڭ يىلتىزىغا
ئوخشاش خەلقىمىز روھىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز
تارتقان ئاتا مىراسىمىز بولغان خەلق مەشرەپلىرى
بىزدىن يىراقلاشقانچە، ئايىغى چىقماس ھەرخىل
چاي- ئولتۇرۇشلار روھىمىزنى چىرىتىپ، كىشىنى

غەپلەتتە قويىدىغان ھەرخىل ئويۇن - تاماشىلار
بىزلەرگە رودۇپايدەك چاپلاشماقتا. ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەت يىلتىزىدىن چەتنەش، ماھىيەتتە مەنى-
-ۋىيەتتىكى چېكىنىش، روھىي مەدەتتىن ئايرىلىش-
-تىن باشقا نەرسە ئەمەس. يېقىندا ناھىيىمىزدە
پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەخسۇس سورۇن
ھازىرلاپ، مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، ياشلارغا ئەنئەنىۋى
مەشرەپلەرنى ئۆگىنىشكە شەرت- شارائىت ھازىرلاپ
بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارغا تۇتۇلغان پوزىتى-
-سىيە تازا قىزغىن بولماقتايوق، ئاخىر بېرىپ
قاتنىشىدىغان ئادەم چىقماي قالدى.

دېمىسىمۇ ھازىر بەزى ياشلىرىمىز شەرم- ھايانى
ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. ئاددىيسى سالام- سەھەت
قىلىش بىلەنمۇ ئانچە خۇشى يوق. ھاراقنى خۇدىنى
يوقاتقۇچە ئىچىدۇ، ھەتتا بەزى يىگىتلىرىمىز ھە
دېسىلا ھاراق- شارابقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئەقەللىيسى
ئەرلىك بۇرچىنىمۇ ئادا قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ
قالدى.

نۆۋەتتە ياشلىرىمىزنىڭ روھىنى زەئىپلەشتۇرۇ-
-ۋاتقان بىر قاتار ئىللەتلەرنى ئەنئەنىۋى مەشرەپ-
-لىرىمىزدىكى ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق
تۈگىتىشتىن ئىبارەت مەنىۋى دورا جىددىي زۆرۈر
بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنى تەبىئىي يوسۇندا
خەلق مەشرەپلىرىنى سىغىندۇرۇۋاتىدۇ، ئەسلىتى-
-ۋاتىدۇ.

هازىرقى جىددىي رىقابەت دەۋرىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن چوقۇم جەمئىيەتكە، خەلققە، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق بولغان مەنىۋى پەرۋىشلەرگە ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر بولماقتا. قانداقتۇر يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تاشلاپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ بىزگە ئانچە ماس كەلمەيدىغان، يەنە كېلىپ، خەلق مەشرەپلىرىنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان غەيرىي مەدەنىيەت شەكىللىرىگە مەستانە بولۇپ يۈرسەك، ۋۇجۇدىمىز تۇرلۇك ئىللەت- لەردىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بېرى ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش، يېتەكلەش جەھەتتىكى ئىجابىي رولىنى ئىزچىل تۈردە جارى قىلدۇرۇپ كەلگەندى.

بىز ھېلىھەم يېزا ـ قىشلاق، شەھەرلىرىمىز ـ دىكى «قاتار چاي»، «قاۋاقخانا»، «دىسكوخانا»، «رېستوران» قىزغىنلىقىنىڭ ئورنىغا ئەنئەنىۋى خەلق مەشرەپلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ياشلىرىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئۇلارنى ساغلام تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئەنگۈشتەر

ئىلىم - پەننىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ تېز يېڭىلىنىشى ۋە پارتلىشى نەتىجىسىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ رىقابەت كۈچى يەر شارىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھى بولسا رىقابەت مېخانىزمىدىكى خىرىس ۋە كرىزىس ئىچىدە «يول تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدا» دەپ ئالغا قاراپ كېتىپ بارماقتا. دەۋر خاراكتېرلىك چەكسىز هاياتىي كۈچكە ئىگە تەرەققىياتنىڭ مول مېۋىلىرى نۇرغۇن جەھەتتىن بىزنى سۆيۈندۈرۈپ ئەللەي ئەتسە، قىسمەن تەرەپلەردە بىزنى ئەپسۇسلاندۇرماقتا. شۇنىڭدەك بەزى ئىلغار مەدەنىيەت شەكىللىرىمىز ھېچبىر سەۋەبسىزلا چېكىنمەكتە ياكى تاشلىنىپ قالماقتا. بۇ چېكى-نىشنىڭ سەۋەبى يەنىلا ئۆزىمىزدە. بۇ، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشكە، شۇنىڭدەك ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان دۇنيا خاراكتېرلىك ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» نىڭ خاسىيىتىنى بىلمىگەنلىكىمىز-دىن بولدى. خۇددى ئاتنى ئېشەككە تېگىشكەن نادانىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىردىنبىر ئېپتىخارى بولغان، ئەدەبىيات - سەنئەت مەدەنىيىتى

بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» نى ھېچ نىشانى يوق ۋە ئۆزگىچە خاسىيىتى يوق، چۈشىنىك ھاياتچىلىك قىممىتى يوق ھاراق سورۇنلىرىغا، ئەرلىرىمىز ئىبغىر مەست بولغاندا ئاياللارغا ئۇچەيدەك ئېسىلىپ تانسا ئوينايدىغان رېستوران بەزمىسىگە تېگىشتۇق. مەدەنىيەتنى ئۆزىمىز يارىتىپ، ئۆزىمىز قەدرىگە يەتمىدۇق، بىزگە ۋابا كېسىلىدەك چاپلاشقان ئايىغى چىقماس ئېزىتقۇ ئويۇن - تاماشا بىزنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، تارىم ۋادىسىدا توغراق، يۇلـ ـغۇنلارنىڭ يىلتىزىغا چوڭقۇر سىڭگەن تارىخىي بۈيۈك ئاتا مىراسىمىز — «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» دىن يىراقلاشتۇرماقتا. بۇ بىز ئۈچۈن بىر پاجىئە!؟ نېگىرلار يىلتىزىنى ئىزدەپ روھىي شاپائەتكە ئېرىشىپ، دۇنيا تەنتەربىيىسىدە ئۆزىنى تونۇتماقتا. يەھۇدىيلار يۇر- تىنى ئىزدەپ بىر جان، بىر تەن بولۇپ دۇنيا ئىلىم- پەن ساھەسىدە، شۇنداقلا دۇنيا ئىقتىسادى جەھەتتە «پۇل كاللىمىزدا» دەپ ئۆزىنى تونۇتماقتا، بىزچۇ؟ بىزدىمۇ مەلۇم تەرەپلەردە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە نەيىنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋازىنى گىتار بىلەن چاتما دۇمباقنىڭ تاراڭ- تۇرۇڭ ئاۋازى بېسىپ چۈشمەكتە، ھەتتاكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سورۇن ھازىرلاپ، مەشرەپ ئۆگىنىشكە شەرت- شارائىت يارىتىپ بەرسىمۇ بىز

ئالدىرىمىدۇق، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتە ئايروپىلانغا رەگەتكە، قوشقاچقا زەمبىرەك ئېتىپ، ياۋروپانىڭ، غەربنىڭ، چەت ئەلنىڭ ئۇسسۇل- ناخشىسىدىن چوشۇپ، پوشقىقى كەڭ، سوڭگىچى تار ئىشتانلارنى ئەتىۋارلاپ كىيىپ، ئۆزىگە خاس بولمىغان «مەدەنىيەت» مەينەتچىلىكىدە كۆرەڭلەپ يۈرمەكتە. يەنە بىر قىسىم ياشلىرىمىز ھە دېسىلا قاۋاقخانىلارنى چۆرگىلەپ، مەست بولغاندا شەرمەندىلەرچە تەتۈر مەشرەپ ئويناپ، سىڭىللىرىغا، ئاچىلىرىغا قاش ئېتىپ، يەرنى چىشلىگىنىچە تاش ئېتىپ يۈرمەكتە. ساق ۋاقتىدا سالام قىلىشنى، ئۆيگە كىرسە قائىدە- يوسۇن دېگەننى بىلمەيدۇ، ھەتتا بەزى يىگىتلەر ھە دېسىلا ھاراق- شارابقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بەزىدە يېگۇدەك بىرنەرسە تېپىپ بولالماي ئاۋارە يۈرىدۇ. بەش ئاي ئىلگىرى ئۆزى خېلى يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە، كىتابخۇمار، توي قىلغىلى ئىككى ئايدەك بولغان بىر چوكاننىڭ ناھايىتى غەمكىن ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىسام، ئۇ خۇددى مېنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى- دە، چوڭقۇر ھەسرەت- نادامەت ئىچىدە: «شۇنداقمۇ ئەر بولىدىكەن، كۈندە ئىچىۋاتقان بۇ ھاراقنى، شۇنچە يىل مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغىنىمىز نەدە قالدى؟ خۇشى تۇتسا مەن خوتۇن، بولمىسا مەن ئوتۇن! ... ئۆي دېگەندە ئاش تۇگىسە، ياغ

توگسه ۋە باشقا نەرسە توگسە بازاردىن ئالغىلى بولىدىكەن، ئەمما ئەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇنى نەدىن ئالىمىز؟ ... » بۇنداق مىساللار جەمئىيەتتە ئازمىدى؟

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا- ئۇسـ-ـسۇلچىلىقىدىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتـ-ـلىرىدە ئۆزىنىڭ باي ۋە رەڭدار سەنئەت شەكلى ئارقىلىق خەلقىنىڭ بارلىق ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي سەنئەت ئەنئەنىسى بولغان خەلق مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جاھان ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدە مەشھۇردۇر. ئۇيغۇر خەلق مەشـ-ـرەپلىرى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك، تارىخي مەنىۋى- مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ نامايەندىسى. ئۇنىڭغا ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ھەرخىل ئويۇنلار (ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرى) مۇجەسسەملەنگەن. ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن، ھەتتا خەلقنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن سەنئەت شەكـ-ـلىدۇر. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى مول مەزمۇنىغا، جانلىق ئىجادىي پائالىيەتچانلىقىغا ۋە ئەقلىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش ئۇسسۇلى، مىللىي پسىخىكىسى، خاراكتېرى ۋە سەنئەت خاراكتېرى روشەن گەۋدىلەنگەن.

سەنئەت — خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھاياتىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ماركس: «ئىنسان يەنىلا گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى رىتىم قانۇنىنى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىرگە، «ئۇيما- قويما قانۇنى» ۋە «رىتىم قانۇنى» دىن ئىبارەت ئىككى گۈزەللىك قانۇنىيىتىنى باشتىن- ئاخىر نامايان قىلىپ كەلدى. ئەمگەك رىتىمى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت رىتىمى، شېئىرىي تۇراق، ۋەزىنلەر بىلەن مۇزىكا بىردەك رىتىم قانۇنىغا ماسلىشىپ، ئاجايىپ گۈزەل، جۇشقۇن مەنىۋى دۇنيا ياراتقان. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى 60 نەچچە خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەشرەپلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەشرەپلەرنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغان. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈرىنىڭ كۆپ- لۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى ھەمدە مۇكەممەللىكى، ئۇنىۋېرساللىقى جەھەتلەردە ھازىرغىچە دۇنيا مىل- لەتلىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. داپ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا داپنىڭ 62 خىل چېلىنىش ئۇسسۇلى بولغانلىقى — ئۇيغۇر

مۇزىكىسىنى ھەر خىل مېلودىيىلىك ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلغان، بۇ، دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئاجايىپ بىر مۆجىزە.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ـــ مۇھەببەت، ساداقەت، ئادالەت، باتۇرلۇق، ئىناقلىق، دوستلۇق قاتارلىق ئىجتىمائىي ن تومۇرلارنىڭ ۋە لىرىكىلىق ھېسسىياتقا باي، مول، رەڭگارەڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلارنىڭ، جۈملىدىن خىلمۇخىل مەزمۇندىكى خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلىرى ۋە نەزمىلىرىنىڭ جەلپكارلىقى كىشىلەردە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق قوزغايدۇ. «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ئومۇمەن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1) نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن قىسمى.

2) ھەر خىل كومېدىيىلىك تۈس ئالغان ئويۇن قىسمى.

3) مەشرەپ ئەھلى بەلگىلىگەن بىر يۈرۈش قائىدە ـ نىزام ۋە «جازا» قىسمىدىن ئىبارەت.

مەشرەپلەر مۇددىئاسى ۋە نىشانى ناھايىتى ئېنىق بولغان ھالدا بىرەر پەسىل ياكى بىرەر خۇشاللىق كۈنگە توغرىلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بىرەر كىشى مەشرەپ ئۆتكۈزمەكچى بولسا، مەردلىكىگە ئېلىپ شۇ يۇرتتىكى يېقىن دوست، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى، تەڭتۇشلىرىنى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى ئالدىن

خەۋەرلەندۈردۇ. مەشرەپ ئىگىسى دۇنيا تاماق مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەمى ۋە شەكلى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خىلمۇخىل تاماق ئىچىدە ئۆزى خالىغان، مېھمانلار ياقتۇرىدىغان تاماق ۋە ھەرخىل نازۇنېمەتلەرنى، يەل- يېمىشلەرنى، سورۇنغا خاس ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرلىك ئىچىملىكلەر (ئېچىتىلغان ئۈزۈم سۈيى، تاۋۇز سۈيى...قاتارلىقلار) نى تەييارلاپ ئۆزىگە قالىسىمۇ، ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دەرىجىدە كاتتا سورۇن تۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

يۇرت ئىچىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچى، سازەندە، ئەننەغمىچى، ناخشىچىلار (ھاپىزلار)، ئۇسسۇلچى، قىزىقچى، ھېكايىچى، بېيىت- قوشاقچى، شائىر، يازغۇچى، مۇتەپپەككۇر، يۇرت ئاقساقاللىرى ... نى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ. مەخسۇس مەشرەپ ئوينايدىغان مەيدان ھاۋالىق، مەنزىرىلىك باغلاردا راسلىنىدۇ. قىش كۈنلىرى ئايۋان- سارايلاردا تەييار- لىنىدۇ. يۇرت- جامائەت يىغىلىپ ئاۋۋال يىگىت- بېشى، قازى بەگ، مىرشەب، دورغا بەگ قاتارلىق تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارنى سايلاپ چىقىدۇ.

خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك يېرى شۇكى، مەشرەپ جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ھەممە ئىشتا ئادىل بولۇش، خالىس بولۇش، ئۆزىنىڭ ھۆر- مىتىنى ۋە ئىناۋىتىنى ساقلاش، باراۋەرلىك،

ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق - دوستلۇق، ئىناقلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن مەشرەپ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، ھاردىم - تالدىم دېمەستىن ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىش، شاد- خۇراملىق ئىچىدە مەشرەپنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سېلىش، ئەقىل بىلەن قائىدە - تۈزۈمنى بىرلەشتۈرۈش، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت، «كۆڭلى تارتقانلارغا ھەشقاللا، سالام بەرگەنگە بەش قوللا»، چىرايلاردا كۈلكە، كۆزلەردە ئۇركەر جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئەڭ قايناق ھېس- ھاياجانلىق تۇيغۇلار خەلق مەشرەپلىرىدە تولۇق نامايان بولىدۇ. ئىلىدا «ئىلى سەنىمى» ئاساس قىلىنىپ «جام بۇرگە» ئۇسسۇلى، «خاڭ ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ. قۇمۇلدا «قۇمۇل سەنىمى» ئاساس قىلىنىپ «پوتا ئۇسسۇلى»، «قارا چىراغ ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلى» لىرى ئوينىلىدۇ. تەكلىماكان بوستانلىقى ئەتراپىدىكى مەكىت، مارالبېشى، بەكەن، ئاۋات، شايار، بۇگۇر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، نىيە، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە دولان ئەلنەغمىلىرى ئاساسىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» ئويناشتىن سىرت «تۆگە ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «پوتا ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار ئوينىلىدۇ. خوتەندە «خوتەن سەنىمى»، قەشقەردە «قەشقەر

سەنەمى»، كوچادا «كوچا سەنەمى»، قاغىلىقتا «قاغىلىق سەنەمى»، كورلىدا «كورلا سەنەمى» ئوينىلىش بىلەن بىرگە «قوغۇن ئۇسسۇلى»، «چىنە ـ تەخسە ئۇسسۇلى»، «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، «سىيرىلما تاقىتاق»، «شاخ ـ شاخ چىنار»، «نىمپەدە»، «سەيلە ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى»، «كەپتەر ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «ئۆچكە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇللار بىرقانچە نۆۋەت ئوينالغاندىن كېيىن، سورۇن كەيپىياتىنى تېخىمۇ قىزىتىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر خىل ئويۇنلار باشلىنىدۇ. مەسىلەن، «دەررە ئويۇنى»، «چاي تۇتۇش ئويۇنى»، «بېيىت ـ قوشاق ئېيتىش» قاتارلىق ئويۇنلار، شۇنىڭدەك كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە بولغان «ئۇستا كالامپاي ساتىراش»، «ئىككى بوۋاينىڭ سۇ تالىشىشى»، «ئوغۇل بالا چاققان»، «ۋاققاك ۋاق»، «ئامبالنىڭ دەۋا سورىشى» قاتارلىق ئويۇنلار بار. خەلق مەشرەپلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك قىزىقارلىق ئويۇنلىرىدىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغا قاتتىق، مۇكەممەل تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىرى جەمئىيەتنىڭمۇ قائىدە ـ نىزاملىرى سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر سىڭگەن. بۇنداق قاتتىق ئىنتىزام خەلق مەشرەپ ـ

ـلىرىدە ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەچكە، ئۇ ھازىرغىچىمۇ ھەممە مەشرەپلەرنىڭ ئورتاق قائىدە- تۈزۈمى بولۇپ كەلمەكتە. مەشرەپ ئىنتىزامى مەشرەپنىڭلا قائىدە- تۈزۈمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئەخلاق كۆز قارىشىغا ئىگە قىلىش، ئەدەپ- ئەخلاق، ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلەرگە خىلاپ بولىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بىلەن ئەدەپ- ئەخلاق قائىدىسى چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا، كىشىلىك ھاياتتىكى قائىدە- تۈزۈم، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق- پەزىلەت مەشرەپ ئارقىلىق ياخشىلىنىپ بارغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق مەشرەپـ ـلىرىنىڭ ئىنتىزامى جەمئىيەتنىڭمۇ بىردىنبىر تەرتىپ - ئىنتىزامى سۈپىتىدە ئومۇملىشىپ ياش ئەۋلادلارنى غايىلىك، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق، ئىنـ ـتىزامچان، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ھازىر جەمئىيىتىمىز مۇقىم، جەمئىيەت ئامانـ ـلىقى ياخشى، تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ھاراق- شاراب ئىچىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلار، قانۇن- ئىنتىزامنى بۇزۇۋاتقانلار، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆلۈۋاتقانلار، پۇتى، قولى سۇنۇۋاتقانلار كۈندە دېگۈدەك ئالدىمىزغا ئۇچراۋاتىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋاتىدۇ، ئائىلە

ئىناقلىقىنى بۇزۇۋاتىدۇ، يىگىتلىك غۇرۇرىنى سۇندۇرۇۋاتىدۇ. ئاتا- ئانىلىق بۇرچىنى سۇسلاشتۇ- رۇۋاتىدۇ. مانا بۇ خىل ناچار ئىللەتلەر خەلق مەشرەپلىرىنى سىغىندۇرۇۋاتىدۇ، ئەسلىتىۋاتىدۇ. بىز ياشاش ئۈچۈن، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن چوقۇم جەمئىيەتكە، خەلققە، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. قانداقتۇر يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تاشلاپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ بىزگە ئانچە ماس كەلمەيدىغان، پارچە- پۇرات لاتىدىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن كۆڭلەكتەك «مەدەنىيەت» لىرىنى قوغلىشىپ يۈرسەك كەلگۈسى مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي ۋېي سۇلالىسى (مىلادىيە 534 — 550- يىللار) نىڭ «ۋېينامە، قاڭقىل تەزكىرىسى» 6- جىلدىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى. يىغىلغۇچىلار نەچچە مىڭ كىشى بولاتتى، مال سويۇپ، ئات بەيگىسى قىلاتتى. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «سۆر چۆك — مەشرەپ- كېچىلىك ئولتۇرۇش»، «شەنبوي — قاتارى مەشرەپ — بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بېرىلىدىغان زىياپەت»،

«سوغدىچ ــ قاتارى بەزمە، قىش كۆنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ» دەپ ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن بىز بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قوللىنىلغانلىقىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئادىتىمىزنىڭ 1000 يىللار بۇرۇنمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن «مەشرەپ» دېيىلىدىغان بولغانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

مەشرەپلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قەدىمكى ئۆرپ- ئادەت ۋە مۇراسىملاردا ئەكس ئەتكەن بەزى رىۋايەت ۋە ئېپوسلار، خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەر ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە دائىر يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا مەلۇم خۇلاسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز.

قىزىل مىڭئۆينىڭ II ئەسىردىن V ئەسىرگىچە دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان 38- تاشكېمىرىنىڭ تام سۈرەتلىرىدە ئەر- ئاياللار بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە- ناۋا قىلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بۇنداق تام سۈرەتلەر قىزىل مىڭئۆينىڭ 11- كېمىرىدە، كۇچا سىم- سىم مىڭئۆينىڭ 18- كېمىرىدە، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ 30- كېمىرىدە، تۇرپان

بىزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 25 ـ كېمىرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مانا بۇ تارىخىي پاكىت! ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى شۇ ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش جەھەتتە ئىنچىكە تۇردە ئىجابىي رول ئويناپ كەلگەنىدى. بىزدىكى «مەشرەپ قىزغىنلىقى»نىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، روھىمىزدىكى ئەگەشمە ئۇششاق ـ چۇششەك كېسەللىكلەر بارغانچە ئاۋۇپ، پۇل تېپىشنى تۇزۇك بىلمەي تۇرۇپ، «قاتار چاي»، «قاۋاقخانا»، «بەزمىخانا» لاردا نىشانسىزلا پۇل خەجلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. بىكار بولساقلا ئىزدىنىشنىڭ ئورنىغا ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئويۇنلارغا بېرىلىپ كەتتۇق. ئەجدادلىرىمىز قولدا توقۇلغان قوپال شېشە كۆڭلەك، شېشە ئىشتان، كورەك تۇماق، يالاڭ ئاياغ، كۆرۈمسىز نامرات چىرايىدا «مەشرەپ» ئارقىلىق ئەدەپ ـ ئەخلاق تاپقان بولسا، زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلار تاشقى گۈزەللىك تۇرقى ئىچىدە يۇرىكى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىماي، چىرايى پۇرلىشىپ، ئۆزگە ئۆزى سېسىق پۇراپ، ئۆزىنىڭ جىسمىغا ئۆزى ئېغىر كېلىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۇنتۇپ يۇرمەكتە.

بىرەر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامان يولغا مېڭىشى ياكى ۋەيران بولۇشى، روناق تېپىشى شۇ كىشى ياشاۋاتقان ماكان ـ زامان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىر بىرەر شەھەرگە بېرىپ، بىرەر جاينىڭ نەدىلىكىنى بىرەرسىدىن سورىساق، ئۇ: «پۇستانى رېستوراننىڭ يېنىدا» ياكى «ئۇدۇلىدا» ياكى «شىمالىدا» دەپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. 10 ئادەمدىن سورىساق ھەممىسى شۇنداق. چۈنكى، ھازىر كىشىلەر ئەڭ كۆپ بارىدىغان جاي رېستوران. خەلق تۇرمۇ- شىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، رېستورانغا بېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىرقى رېستوران قىزغىنلىقىدا قانچىلىك ئەدەپ- ئەخلاق بولسۇن؟ ھاراق سورۇنلىرىدىچۇ؟ ئالدىنقى ئاخشاملىرى ئىچكەن ھاراقنىڭ لېپىنى ئۇرۇش، ئانچە- مۇنچە يۇمۇر ئېيتىش ... بۇ ھال بىزگە خەلق مەشرەپلىرىنى ئىختىيارسىز سېغىندۇرماقتا.

# ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى

دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مۆجىزاتلار
ئىچىدە مۇزىكىنى «تەڭرىنىڭ تىلى» دەپ سۈپەت-
لىسەك، بەزىلەر قايىل بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما،
مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇغان كىشى بۇنىڭغا
تامامەن قايىل بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىزھار قىلغان
مەزمۇن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىپ، قەلبكىلا بايان
قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ قەلبنىڭمۇ، تەڭرىنىڭمۇ تىلى.

مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان
بولساق، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن ماس
قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ دەسلەپكى ئىپتى-
دائىي ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش
رولىغا ئىگە بولغان «مۇزىكا» دىن بۈگۈنكىدەك
مۇنتىزىم، ئەمەلىي ماھارەت سىستېمىسى ۋە مۇنتى-
زىم نەزەرىيە سىستېمىسىغا، شۇنداقلا تەبىئىيلىك
ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت قوش خۇسۇسىيەتكە
ئىگە مۇكەممەل بىر پەنگە ئايلاندى. مۇزىكا سەنئىتى
ئۆزىنىڭ ئىنسانىنىڭ زېھنى ۋە ئەقىل بۇلىقىنى
ئېچىشتىن ئىبارەت غايەت زور كۈچ-قۇدرىتى بىلەن
جاھان ئىلىملىرىنىڭ ئالدىنقى ماددىي شەرتى ۋە

گۈل تاجى بولۇپ قالدى. مۇزىكا سەنئىتى ھەر قايسى مىللەت روھىنىڭ يېزىقسىز تەرجىمىسى، چەكـ ـسىزلىككە ئىنتىلگەن مەڭگۈلۈك ساداسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكس ساداسى بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، روھىي گۈلخانلارنى ياندۇرىدۇ.

تارىم ھەم ئىلى دەرياسى، چاڭجياڭ دەرياسى قارىماققا ئوخشاشلا دولقۇنلاپ ئاقىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە قىسمەتلىرىدە ئۆزىگە خاس تارىخىي نامايەندىلەر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىمۇ دۇنيا مۇزىكا سەنئىتى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىپەك يولىدا ناھايىتى گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شۇنىڭدەك تولىمۇ قەدىـ ـمىي مەنىلەر ۋەزنىگە ئىگە ئىلاھىي روھنى يوشۇرۇپ كەلمەكتە ھەم سېھرىي كۈچكە تولۇپ، پەرىشتە سۈپەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىم دەريا ۋادىسى، تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئەجدادلىرىمىز ئالتۇن كولدۇرمىنى جاراڭلىتىپ، كارۋان يوللىرىنى بويلاپ «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنى ياڭراتقاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى باشقا قوۋملار ئۇيقۇدىن ئۇ قەدەر ئويغانمىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىدە

ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شۇنىڭدەك پۈتكۈل دۇنيا-سىياغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مۇزىكا سەنئىتى ئۆزىگە خاس بولغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدا توختالساق، ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان سەنئەت نامايەندىسى بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

## 1. تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۆي- ماكان تۇتۇشقا، ئورمان ئەھيا قىلىشقا، مال چارۋا، ئۆي قۇشلىرى بېقىشقا، ئېتىز- ئېرىق، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشقا، بوز يەر ئېچىشقا ئالاھىدە ھېرىسمەن خەلق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىدە يايلاق مەدەنىيىتى، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى، ئوۋ مەدەنىيىتى، يېشىل كارىدور مەدەنىيىتى بىر گەۋدىلەشكەن. مۇزىكا مەدەنىيىتى يۇقىرىقى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن پارتلاپ چىققان بولۇپ، جاھانغا مەشھۇر «ئون ئىككى مۇقام»نى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى توغراقتەك قەيسەر، يۇلغۇندەك چىداملىق خەلقىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن.

دېھقانلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن «دېھقان مىللى-

ـتى» دېسەكمۇ ئارتۇقچە كەتمەيدىغان بۇ مىللەت ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا، پايانسىز سەھـ ـرادىكى ئاپئاق، يۇمشاق توپىلىق چىغىر يوللار، سازلىقلار، ئېدىرلىقلار، دومچەك ـ زومچەك دۆڭلۈكلەر، قۇم بارخانلىرى، ئېتىز ـ ئېرىقلار، ئايدىڭ كېچىلەردە باشاق ئارىسىدا يالتىراۋاتقان ئورغاقلار، يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق ئورما ناخشىلىرى، قىر بېشىدىكى دوغاپ قاچىلانغان قاپاق، ئېتىز بېشىدىكى ئۇچار قۇشلار، قاپارغان قوللار، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايلار ... بۇ قەدىمىي مىلـ ـلەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى ئاجايىپ مول سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. مانا بۇ خاسلىق ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانا بۆشۈكى.

**2. ئۇيغۇر كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىـ ـكىسىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى**

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر « ئون ئىككى مۇقام»ى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاكامۇللاشقان ئەقىل ـ پاراسىتىـ ـنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراس ھېسابلىنىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرـ ـلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس،

غايەت زور ھەجىمدىكى نادىر مۇزىكا ئەسىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تولۇق خەلق ئاھاڭى، يارقىن مىللىي خاسلىقى، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى، مۇرەك-كەپ، قىيىن ئۇدار- رىتىمچانلىقى، چوڭقۇر مەزمۇن ۋە مەنىلەرگە تويۇنغان نەپىس مۇزىكا سىمفونىيىسى بىلەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدا قەدىمىي پارلاق مەدە-نىيىتىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل سەمەرىسىنى ياراتتى.

### 3. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ موللۇقى

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ مول بولۇشى، شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىغا كەڭ ئومۇملىشىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارت-قانلىقىدا. مەلۇم بولۇشىچە، IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-رىلىرىدا شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى 40 خىلدىن ئاشقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي ئوركېستىرلىرىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن يوقالغان ياكى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قەدىمكى زامان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىساق، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 60 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى تارىخىدا بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ چالغۇلار يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ راۋاج-لىنىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا

تارىلىپ، جاھان مۇزىكا مەدەنىيىتىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇر چالغۇلىرى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، قۇلاي ھەم ئۇنىۋېرساللىقىنىڭ كۈچلۈك-لۈكى، مۇكەممەللىكى، ئامىبابلىقى، چاققان، گۈزەل، نەپىسلىكى بىلەن ھازىرغىچە دۇنيا مىللەت-لىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى. مۇزىكا چالغۇلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ھەر-قانداق بىر مۇزىكىنى جانلىق سۈرەتلەپ، ئۇنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا داپنىڭ 62 خىل چېلىنىش ئۇسسۇلى بولغانلىقى، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ھەرخىل مېلودىيىلىك (ناۋالىق) ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان مۇھىم بىر سىر سۈپىتىدە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچى-لىكى داپ رىتىمچانلىقىغا باي. بۇ ھال يالغۇز چوڭ-كىچىك مۇزىكىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن، بەلكى «بۇددا نەغمىلىرى» دەپ ئاتالغان مۇزىكىلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ داپ، ناغرا، قوڭغۇراق، بوم تارى قاتارلىق ئۇرغۇ ۋە رىتىم ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزاق تارىخىي يىللاردىن بۇيان مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنى بەلگىلەپلا قالماستىن، ئۇسسۇللۇق پەدىلەرنى، ھەتتا شېئىرىي ۋەزىننى باشقۇرۇپ كەلدى. نەزەرىيە جەھەتتە داپ ئۇرغۇلىرى قانچە خىل بولسا ياكى بولالمىسا،

شېئىرىي ۋەزنىن تۇرلىرىمۇ شۇنچە خىل بولىدۇ ياكى، بولالايدۇ. مۇزىكىلىق رىتىم تۇيغۇسى بېرىلگەن ۋەزىنلەر شېئىرىي تۇيغۇمۇ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا داپ ئۇرغۇلىرى ياراتقان بەدىئىي ئىمكانىيەتلەر ئىنتايىن كەڭ.

**4. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇزىكا تالانتى ۋە مۇزىكا توغرىسىدا ئېيتقانلىرى**

ئەجدادلىرىمىز مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋە مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆز روھىنى ئۇرغۇتقان.

ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلچىلىق ئىلمىي تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئەبۇ ناسىر فارابى (مىلادىيەنىڭ 950 — 870- يىلى) «رىسالەئى مۇغەننى» ناملىق ئەسىرىدە: « نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭ ساداسى ئادەم روھىغا مەنىۋى ئوت ياققۇچى ئامىل، شۇڭا نەزمىي تىل قوشۇلغاندا، مۇڭنىڭ مەزمۇنى رۇشەنلىشىدۇ... 100 يىل ئىبادەتتىن ئالالمىغان ھوزۇرنى مېنىڭ قالۇنۇم سىملىرىدىن ئالغايسىز» دەپ مۇزىكىلىق تىل ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت بىلەن بولغان بەدىئىي مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بەرگەن. فارابى مۇزىكا ئىلمىدە «مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس»، «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە»، «مۇزىكا توغرىسىدا سۆز» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. قالۇننى ئۆزى

ئىجاد قىلىپ ياساپ چىقان. تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، فارابى ساز چالسا ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال ئىختىيارسىز كۈلدۈرىدىكەن، كېيىن مۇڭغا سېلىپ يىغلىتىۋېتىدىكەن، ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھېچكىمگە سەزدۈرمەي كېتىپ قالىدىكەن.

بىز تارىخ بېتىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ۋاراقلاپ كۆرسەك، ئەبەيدۇللا لۇتفىي، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، بابارەھىم مەشرەپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، ئامانىنىساخان، مەمتىلى ئەپەندى ... قاتارلىقلارنىڭ قايسىبىرى مۇزىكا ماھىرى ئەمەس؟! ئۇلار مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مۇزىكىنى ئەلنىڭ دەرد - ئەلەمى، شادلىق - قايغۇسى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان گېگانت شەخسلەر ئۆز كەسپىدىن باشقا، مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا ئۆگىنىپ، مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئۆزىدىكى روھنى نامايان قىلغان، يېڭى تەپەككۇرغا ئېرىشكەن. شۇنداق، مۇزىكا — ھېسسىيات ئىشىكىنى ئاچىدىغان نازۇك بارماق. ئۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن سېھرىي كۈچ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئويغىتىپ، ھەتتا كېچىدىكى خۇپىيانە ئىشلار بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزدا رومانتىك تۇيغۇ بىلەن زاھىر قىلىدۇ.

كۆز ياش — ئادەم كۆڭلىنىڭ راۋان تەرجىمىسى،

مۇزىكا ــ ئادەم قەلبىنىڭ تىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، مىسىرلىقلار مۇزىكىغا بۈيۈك ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنىدۇ، سەجدە قىلىدۇ، مەدھىيە ئوقۇيدۇ. پارسلار بىلەن ھىندىلار مۇزىكىنىڭ ماھىيىتىنى «تەڭرىنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى روھى» دەپ چۈشىنىدۇ. بىر پارس شائىر مۇنداق دېگەن: «مۇزىكا ئەسلىدە ئەرشئەلادىكى بىر پەرى ئىدى. ئۇ بىر ئىنسانغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىلاھلار دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇنى قوغلاشقا بوران مۇئەككىلىنى ئەۋەتكەن. پەرىشتىنىڭ كىيىملىرىنى بوران جۇل ـ جۇل قىلىۋېتىپ، پارچىلىرىنى دۇنيا ـ نىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئۇچۇرۇۋەتكەن، ئەمما پەرى ھايات قالغان. ئۇ ھېلىھەم ئىنسانلارنىڭ قۇلاق سارىيىدا ياشىماقتا». بىر ھىندى پەيلاسوپ: «نەپىس كۈي مېنىڭ گۈزەللىك ۋە ئەبەدىيلىككە بولغان ئۈمىدىمنى كۈچەيتتى» دېگەن. گرېكلار بىلەن رىملىقلار مۇزىكىنى «قۇدرەتلىك ئىلاھ» دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مۇزىكىغا ئاتاپ خاس سەلتەنەتلىك ئىبادەتخا ـ نىلارنى بىنا قىلىپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ يۈكسەك ـ لىكىنى تونۇتقان. داۋۇت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر پەرۋاردىگارىڭلارنى كۈيلەڭلار، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇڭلار، نەي ۋە تارلىق سازلار بىلەن پەرۋەردىگارىڭلارنى مەدھىيىلەڭلار! داپ ـ دۇمباق چېلىپ، ئۇنى مەدھىيىلەڭلار! ئۇد ۋە قالۇن بىلەن ئۇنى تەرىپلەڭلار! گۈزەل كۈيلەر بىلەن ئۇنىڭغا

مەدھىيە ياڭرىتىڭلار».

بىر قىسىم خوراپىيلار «ساز دېگەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى، ئۇنى چالسا يامان بولىدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كۆپۈرلۈق ئىشلارنى قىلىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنداق دېيىش تۈپتىن خاتا.

## 5. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇزىكا سېزىمى

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، تېخىمۇ ھەيران قالىمىز. ھازىرغۇ مۇزىكا ئىلمى ئالاھىدە بولغاچقا، كۈيلەر نوتىغا ئېلىنىپ، نوتىغا قاراپ چېلىنىدۇ. بۇرۇنچۇ؟ 1960- يىللار ئەتراپىدىكى سازەندىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماي، ھەتتا چېلىنىۋاتقان مۇرەككەپ سازنىڭ پەدىسىگىمۇ قارىماي 2— 3 سائەت، ھەتتا كۈن- كۈنلەپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ نەغمە قىلغان. توي- تۆكۈن، ھەر خىل مەشرەپ سورۇنلىرىدا ھاردىم- تالدىم دېمەي يادقا چالغان. نەچچە مۇقام مۇزىكىسى، نەچچىلىگەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى، تېكىستلەر تولۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالدۇرۇلغان.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزا خاڭگۈك كەنتىدە ھەمەر غېجەك (1903 — 1999) دەيدىغان داڭلىق سازەندە بولىدىغان. ئۇ توي - تۆكۈن مەشرەپلەردە ھېچنېمىگە قارىماي كۈن- كۈنلەپ ساز

چالاتتى، ناخشا ئېيتاتتى. «شوخ پەدە»لەرگە چالسا كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى، شادلاندۇراتتى. «مۇڭلۇق پەدە» لەرگە چالسا كىشىلەرنى ئىختىيارسىز يىغلى- -تاتتى! ئۇنىڭ چالغان ئاددىي، كۆرۈمسىز غېجەكگە قاراپ ھېچكىممۇ كۈلۈش، يىغلاشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئەمما، ئۇ غېجەكنى چالىدىغان بولسا، سىز مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدە ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا خىيالىي دۇنياغا غەرق بولۇپ، جاھاندا ھېچنېمىدىن ئالالمىغان بىر مەنىۋى ھۇزۇر ئىلكىدە لەززەتلىنىسىز.

ھاياتىمدا بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: مەن باشلانغۇچنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان باھار ئايلىرى (1972-يىلى) سىنىپ مۇدىرىمىز رابىيەم خانىم «ساز چېلىشنى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ» دەپ، بىر چولاق ئۆزبېك راۋابىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. مەن پەرۋاسىز يۇرۇۋەردىم. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، رابىيەم خانىم مېنى سەھنىگە چىقىرىپ «ئۆگەنگىنىڭنى چېلىپ باق» دېدى. مەن سەھنىدە لام-جىم دېمەي راۋابنى تۇتۇپ تۇردۇم.. ئاچچىقى يامان خانىم مېنىڭ مەڭزىمگە 3 — 4 شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى (ئۇرغىنى ئەلۋەتتە ھەق ئىدى)، كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ھەر ئاخشىمى رابىيەم خانىمنى تىللاپ ئولتۇرۇپ، راۋابنى ئانچە- مۇنچە تىرىڭشىتىپ قوياتتىم. بىر كۈنى ھەمەر غېجەك مەكتىپىمىزنىڭ سەنئەت كۆرۈۋۈكىغا ياردەم بېرىش، شۇنداقلا نوتىغا ئالالمىغان

بىر قىسىم ناخشا ـ مۇزىكىلارنى سىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ، بىر سائەتتەك غىجەك چېلىپ بەردى. ئۇنىڭ مۇزىكىسىدىن شۇنداق ھاياجانلاندىمكى، قەلبىمدە بىر ئوت كېچە ـ كۈندۈز ساز ئۆگىنىشكە ئۈندەيتتى ... شۇنداق قىلىپ، تىرىشىپ مەشىق قىلىپ ئۆزبېك راۋابىنى 15 كۈندە راۋۇرۇس چالـ ـدىغان بولدۇم. كېيىن سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ داڭلىق راۋابچىسى بولۇپ قالدىم. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەن كۈنلەردە، ھەمەر غىجەك چالغان سازنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئىسكىرىپكا ئۆگىنىشكە ئۈندىدى. بىر ھەپتە مەشىق قىلىپلا، ئىسكىرىپكا چېلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان بولدۇم. ئۇزاققا بارماي، دۇتار، تەمبۇر چېلىشنىمۇ ئۆگەندىم. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئادەم ساز چالغاندا ئاجايىپ بىر ھېس تۇيغۇدا، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئەركىن قۇشـ ـتەك، تەڭرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك. گاھى مۇھەببەت قوينىدا ئۈزۈۋاتقاندەك، گاھى بارلىق مۇساپىر، غېرىبلارنىڭ يۈرىكىدە نالە قىلىۋاتقاندەك بولىدۇ. تۆرەلمە ئادەتتە 14 ـــ 15 ھەپتىدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. 28 ھەپتىـ ـدىن كېيىن ئۇ مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. بۇۋاق مەزگىلى مۇزىكىلىق سېزىمىنىڭ پەيدا بولۇش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. گېزىت خەۋرىگە قارىغاندا، ياپونىيە ئالىملىرى يېقىنقى يىللاردا، دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىككى ياش

ۋاقتىدا ئاھاڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنـ ـلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچـ ـنېمىگە قارىماي، كۆڭلەپ ـ كۆڭلەپ ساز چېلىشى ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ مۇزىكا سېزىمىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 6. مۇزىكىنىڭ تەسىرى ۋە ئەكس ساداسى

مۇزىكا ـــ رىتىملىق مۇزىكا قانۇنىيىتى ئاساس قىلىنغان ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت. ئۇ بارلىق سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدەك كىشىگە ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق مۇزىكا تىلى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇزىكىدا ھېسسىيات مەزمۇن، نوتۇق (سۆز) ئارقىلىق ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى مۇزىكىلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكىلىق تىل كۈچلۈك ھېسسىياتقا، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇزىكا رىتىمى ئارقىلىق ھاياتنى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئادەمنى ھاياجانغا چۆمدۈرىدۇ، يىغلىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىچۇ؟ ئۇيغۇر مۇزىكىسى مۇزىكىلىق چىنلىقى بىلەن ئادەم روھىغا، ئادەم قەلبىگە، ئادەم جىسمىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. مۇزىكىدىن تەسىرلىنىش، ھۇزۇر ئېلىش، ئىشتىياق باغلاش

ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ھاياتلىق ھەرىكەتتە بولغاچقا، مۇزىكا قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىپ، ماددا ئالمىشىشنى تېز-لىتىدۇ، غەم- قايغۇدىن خالاس قىلىپ، روھىي كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئادەمنىڭ يەتتە خىل ئەقلىي قابىلىيىتى ئىچىدە كۆرۈلىدىغان مۇزىكا قابىلىيىتى بوغۇم، مېلودىيە، رىتىم ۋە ئاھاڭغا بولغان سەزگۈرلۈكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەزگۈرلۈك بىر جەھەتتىن ئادەمنىڭ ئەقلىي قا-بىلىيىتىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئادەم-نىڭ ساغلاملىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئىت ئادەمگە ئېتىلىپ كەلگەندە، دەررۇ سازدىن ئاۋاز چىقارسا، ئىت ئاستا توختاپ كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ، شۇڭا كو-نىلاردا :«سازەندىنى ئىت چىشلىمەيدۇ، چالغان سازى زايە كەتمەيدۇ» دېگەن سۆز بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەر-چاس باغلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان جۇغرا-پىيىلىك رايون ئالاھىدىلىكى، ئەقىل- پاراستى، تۇغما قابىلىيىتى، مۇزىكا سېزىمچانلىقى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن سەنئەت نامايەندىسىدۇر. بىز مىللىي مۇزىكا بايلىقىمىزنى قوغدىشىمىز، تەرەققىي قىلـ-دۇرۇشىمىز ۋە دەۋرىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن تىنىم-سىز خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» توغرىسىدا

مۇقاملىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش، مۇكەممەللىشىش بىلەن بىللە، مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ يېڭى، ئىجادىي پەللىلىرىنى يارىتىشتا ئۇزۇقلۇق مەنبەسى بولۇپ كەلدى. ئاۋات «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. قەدىمكى دولانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاۋات ناھىيىسىدە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلگەن « ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» دۇنياغا كەلدى.

بۇ گىمناستىكىنى ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ناھىيىگە مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان ۋېن دېمىڭ ئەپەندى ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى سەنئەتكار، شائىر تۇرسۇن تۇردى، كومپوزىتور ئابلىمىت ئابدۇقادىر، مەدەنىيەت يۇرتىدىكى مۇقام ئۇستازى، 6- ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى ئابدۇقادىر مۇسا، ئىزىز ئابلىزلار بىلەن قايتا-

قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش، سىستېمىلاشتۇرۇش، دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈردى.

ئاۋات «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» جەمئىي 13 بۆلەك بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت بۆلىكى تەييارلىق ھەرىكىتىدىن، توققۇز بۆلىكى ئاساسىي ھەرىكەتتىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن بىر يۈرۈش گىمناستىكا باشتىن - ئاخىر مۇزىكا، رىتىمنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ھەرىكەت شەكىللىرى رەڭدار، كۆركەم، چاققان، ئۆزگىرىشلىرى ماسلىشىشچان. ئۇنىڭغا دولان مۇقام - مەشرىپى ۋە ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت شەكىللىرى، مۇزىكىسى ئىلمىي يوسۇندا تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سىمفونىيىسى گىمناستىكا ئويۇنچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىپ ھەم دولان مەشرىپى، ھەم بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسىنى تەڭلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» چوڭقۇر يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ جۇشقۇن جاسارىتى، شۇنداقلا مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، دولان مۇقام خەلق مۇزىكىسى، دولان مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسلىق ئۇسسۇللىرى نەپىس ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھەربىر ھەرىكەت شەكلى ئازادە، جانلىق، ئۇلانمىلىقى ياخشى،

نەپىس، ئۆگىنىشكە ئاسان، ئويناشقا ئەپلىك، پۈتۈن بەدەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ دەسلەپكى مەنبەسى بولغان دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلى دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى ناخشا- مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ جاراڭلىق خەلق ئاھاڭى، يارقىن 13 يۇرۇش ھەرىكەتتە تاپان، پۇت، يوتا، ساغرا، بەل، مۈرە، كۆكرەك، قول، بارماق ھەم بېغىشلىرى، باش - بويۇن، پۇت رىتىملىرى بىر پۈتۈن بەدەننىڭ ئومۇملاشقان جانلىق، تېتىك ھەرىكەت ھالىتى ماس رىتىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دولانلىقلار قەدىمدىن ھازىرغىچە باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئۆزگىچە جۇغرا- پىيىلىك شارائىتتا ياشاپ كەلگەچكە، يېڭى مەدە- نىيەتنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى بۈگۈنگىچە ئىپتىدائىي ئاسا- سىي ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان، مەدەنىيەت ئالاھى- دىلىكىدە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىغا ھەر خىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە تۈسىنى ئالغان «ئات ئويۇنى»، «تۆگە ئويۇنى»، «ئېگىز بۇلۇڭ موللام»، «غاز ئويۇنى»، «سامسا يېقىش»، «جۇۋازغا قوشۇش»، «سۈرىتىنى تارتىش»، «بوۋاي بىلەن دوغۇز»، «پوتا»،

«چاقپەلەك ئويۇنى»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «ئىلەڭگۈچ»، «قاچتىم توپ ئويناش»، «مۆكۈشمەك ئويناش» قاتارلىق كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى بىرىكتۈرگەن ھەم بەلگىلىك دەرىجىدە تەنتەربىيە پائالىيىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ گىمناستىكا دەسلەپ دولان راۋابىنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان ياڭراق ساداسى ئىچىدە تۆت بۆلەك تەييارلىق ھەرىكىتى ئوينىلىدۇ، ئاندىن داپنىڭ رىتىملىق ساداسى، جۇلا مۇقامىنىڭ يېقىملىق ناۋاسى، ساناقنىڭ يېتەكلىشىدە توققۇز بۆلەك ئاساسىي ھەرىكەت باشلىنىپ، پۈتۈن بەدەن قىزىپ تەرگە چۆمۈلگۈدەك دەرىجىدىكى ھەرىكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا دولانلىقلارنىڭ جاسارەتلىكلىكى، باتۇرلۇقى، ئىشچانلىقى، ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى قاتارلىقلار نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرىكەت ئازادە، جانلىق، ئەركىن، جۇشقۇن، يېقىملىق، چوڭ سۈپەت، رومانتىك تۈس ئالغان. ھازىر ئۇ مەكتەپ، ئىدارە، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ كۈندىلىك رادىئو گىمناستىكىسىغا ئايلاندى، شۇنىڭدەك ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى. بۇ گىمناستىكا 2002-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىندى، 2003-يىلى ئاپتونوم

رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك مەھەللە- رايونلارنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى»گە قاتناشتۇرۇلۇپ، كۈمۈش لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرى- شىپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تولۇق مۇئەيى- يەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى. ھازىر ئۇنىڭ VCD پلاستىنكىسى ئىشلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ- گۈنكى كۈندىكى «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىم- ناستىكىسى» ئاۋات ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر مۆجىزە، شۇنداقلا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى ۋە دولان مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنىڭ مۇزىكا بايلىقىدىن پايدىلىنىپ بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى ھېساب- لىنىدۇ.



# «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» توغرىسىدا

*مەنىۋى مەدەنىيەتتە ساغلام بولۇش ئۈچۈن، جىسمانىي جەھەتتە بىردەم بولۇش كېرەك.*

*ل.ن.تولستوي*

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، باي ۋە رەڭگارەڭ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. «دولان مۇقام- مەشرەپلىرى» ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. 2001- يىلىغا كەلگەندە، قەدىمىي دولانلىقلار نىسبەتەن قويۇق ئولتۇراقلاشقان، «جۇڭگو پاختا شەھىرى» دەپ نام ئالغان ئاۋات ناھىيىسىدە «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئانىسى بولغان «دولان مۇقام- مەشرەپلىرى» ئاساسىدا ئىشلەنگەن «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» بارلىققا كەلدى. بۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان ۋېن دېمىڭ ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يولغا قويۇلغان بۇ گىمناستىكا ناھىيىدە

ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتى. بۇ ھالەت ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى بەزى جايلارنىڭ كۆچلۈك دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى.

2004- يىل 6- ئايدا ئۇيغۇر دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ۋە ئۆزى دولان مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان ۋېن دېمىڭ ئەپەندى ئاۋات ناھىيە مەدەنىيەت تارىخىدىكى 2- قېتىملىق مۆجىزە، يېڭى شەيئى «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» نى يەنىلا ئاۋات دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئاۋات مەدەنىيەت يۇرتىدىكى داڭلىق مۇقام ئۇستازى ئابدۇقادىر مۇسا (6- ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى)، ئېزىز ئابلىز، تالانتلىق كومپوزىتور ئابلىمىت ئابدۇقادىر قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە، قايتا- قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈردى.

«ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناس- تىكىسى» جەمئىي 10بۆلەك بولۇپ، تەييارلىق ھەرىكىتى تۆت، ئاساسلىق ھەرىكىتى ئالتە. ئۇ، تەييارلىق ھەرىكىتىدىن باشلىنىپ، رەتكە سېلىش بىلەن، يەنى ئاددىي ھەرىكەت بىلەن باشلىنىپ، بارغانچە مۇرەككەپ ھەرىكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. دەسلەپ دولان راۋابىنىڭ يۇرەكنى تىترىتىدىغان ياڭراق ساداسى ئىچىدە تەييارلىق ھەرىكەت باش- لىنىپ، بارا- بارا «بوم باياۋان» مۇزىكىسى ۋە داپ

رىتىمى بىلەن ئاساسلىق ھەرىكەت ئوينىلىدۇ. «بوم باياۋان» مۇقامىنىڭ چىكىتمە، سەنەم، سەلىقە، سىيرىلما قىسمى بىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ ھەربىر ھەرىكەت شەكلىگە ئورگانىك ھالدا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، ھەربىر ھەرىكەت شەكلى شۇنداق چىرايلىق ھەم نەپىس بولۇپ، تېزلىك، چاققانلىق، چەبدەسلىك ھەربىر ھەرىكەتنىڭ گۈزەللىكىدە نامايان بولىدۇ.

«ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ باتۇر، ئىشچان، جانلىق، چەبدەس، ھوشيار، ئوۋغا ماھىر تۇرمۇش چىنلىقى، مەدەنىيەت ئىزنالىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، مىجەز - خاراكتېرى، شۇنىڭدەك دولان مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت شەكىللىرى گۈزەللىك گىمناستىكىسىغا خاس تەنتەربىيە ئىلمىدا سىستېمىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ساغلاملىق گىمناستىكىسى» غا قارىغاندا «گۈزەللىك گىمناستىكىسى» نىڭ بەدەننى گۈزەللەشتۈرۈشكە بولغان ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» دا تېخىمۇ كۆركەم لاتاپەت، قاينام- تاشقىنلىققا چۆمگەن جاسارەت بىلەن كۈچلۈك سەنئەت پۇرىقى يارقىن، لەرزان، جانلىق، تېتىك، نەپىس، گۈزەل تۇيغۇ بېغىشلايدىغان مول

مەزمۇنلۇق تەنتەربىيە تۈسىنى نامايان قىلغان. «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» بولغانمىغان، ئەنئەنىۋى سەنئەت ھەم ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىلمىنىڭ يېڭى مېۋىسى بولۇپ، ئويۇنچىلار ئۇچۇن «مەن دولان مۇقام - مەشرەپلىرىگە ئويناۋاتىمەنمۇ ياكى گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئويناۋاتىمەنمۇ» دېگەن تۇيغۇ بېرىدۇ. كۆرگۈچىلەرنى «كۆرگىنىم زادى ئاۋات دولان- مۇقام مەشرەپلىرىمۇ ياكى تېز ئويناﻟغىنىدىن قارىغاندا گۈزەللىك گىمناستىكىسىمۇ» دېگەن سوئالدا ھەيران قالدۇرىدۇ.

2004- يىل 10- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 21- كۈنىگىچە ئاۋات ناھىيىسىدە «ئاپتونوم رايونلۇق دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلغان بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان ئالىم، دوكتور، تەتقىقاتچىلار ئاۋات مەدەنىيەت سارىيىدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، ياشلار، ياشانغانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىدە «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» ۋە «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» نى كۆرۈپ ناھايىتى ياخشى تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: «ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللىي مەدەنىيەتنە بولغىنىش ۋە چېكىنىش ھادىسىسى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى بىلىدىغانلار ۋە ئويناﻳدىغانلار بەك ئازىيىپ كەتتى. مۇشۇن-

ـداق بىر تارىخىي شارائىتتا دولان مۇقام- مەشرەپ-
ـلىرىنىڭ كۈندە ئويناپ بەدەن گۈزەللەشتۈرىدىغان
گىمناستىكىغا سىڭىپ كىرىشى بىر يېڭى مۆجىزە
بوپتۇ» دەپ ماختاشتى.

دېمىسىمۇ، دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى كۈندە
دېگۈدەك خالىغان يەردە ساراڭدەك ئوينىغىلى بول-
ـمايدۇ، لېكىن «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك
گىمناستىكىسى» نى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ياكى
خالىغان ۋاقىتتا بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن
ئوينىغىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھازىر گۈزەللىككە
ئېتىبار بېرىشى كۈندىن- كۈنگە يۇقىرىلاپ بارماقتا.
گۈزەل بەدەننىڭ بولۇشى ئادەملەرنىڭ پسىخىك
خاراكتېرىگە خۇشال كەيپىيات ئاتا قىلىپ، روھىنى
ئۇرغۇتىدۇ. جىسمىنى قەددى - قامەتلىك قىلىدۇ.
ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
بولسا كېرەك، ھازىر ئاۋات ناھىيىسىدە ئەتىگەن
قوپۇپ چېنىقىدىغانلار كۆپىيىپ، مەكتەپ-
ـلەردە، ئىدارە- جەمئىيەتلەردە «ئاۋات دولان مۇقامى
گۈزەللىك گىمناستىكىسى» نى ئۆگىنىش ۋە ئويناش
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە.

ئادەملەرنىڭ قىپيالىڭاچ ھالىتى مايمۇنغا
ئوخشىسا، يارىشىملىق كىيىم- كېچەك كىيگەن
ھالىتى مەدەنىيەتكە ئوخشايدۇ. تەنتەربىيە ئادەم
ھاياتىنىڭ ئۈنۈۋېرسال دوختۇرى. گۈزەللىك گىم-
ـناستىكىسى بولسا ئادەم ھاياتىنىڭ ياشلىق

ئەلچىسى، «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناس-
تىكىسى» مۇ ھاياتىمىزنىڭ مول مەزمۇنغا تولغان
ياشلىق ئەلچىسى. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
بولغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە دولان مۇقام-
مەشرەپلىرى ھەر خىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە تۈ-
سىنى ئالغان «ئات ئويۇنى»، «پوتا»، «چاقپەلەك»،
«مۆكۈشمەك ئويناش»... قاتارلىق خېلى جىق كو-
مېدىيىلىك ئويۇنلارنى بىرىكتۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە
قەدىمكى دولان دىيارى ئاۋات ناھىيىسىدە ئارقا-
ئارقىدىن «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناس-
تىكىسى» بىلەن «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك
گىمناستىكىسى»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاۋات نا-
ھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت. تارىخى، شۇنىڭدەك جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر يېڭى
مۆجىزە، بىر يېڭى شەيئى، سەنئەت بىلەن تەنتەر-
بىيىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان يېڭى
مەدەنىيەت ئابىدىسى!



# «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى

«ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئەقىل- پاراسىتىنىڭ ئۇلۇغ جۇغلانمىسى...ئۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى»

سەيپىدىن ئەزىزى

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، قولى بىلەن يارىتىلغان ھەممە نەرسە، يەنى پەن- تېخنىكا، پەلسەپە، ئەدەبىيات- سەنئەت قاتارلىقلار مەدەنىيەت ھېسابلىنىپ، مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئۆز رولىنى نامايان قىلىدۇ. مەدەنىيەت قانچىلىك ئىلغار، يۈكسەك، ئۇلۇغ بولسا، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى، بەختى، كېلەچىكى بىلەن بىر گەۋدە- لەشسە شۇنچە نېپىس، ئاددىي، ئېنىق، پەردازسىز، يېقىملىق تۈس ئالغان بولىدۇ. ئىنسان پائالىيىتى- نىڭ مەڭگۈلۈك ئۇلۇغۋار ئابىدىسى بولغان مەدەنىيەت كارتىنىسى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك، تارىخىي ئەنئەنىلىك، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، تۈزۈلمە تەسىرىگە ئۇچراپ، مۇشۇ ئاساستا ئۆزگە، ئۆز

ئەنئەنىسىگە، شۇنىڭدەك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان ئەمگەكچان خەلققە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىنى ھاسىل قىلدۇ.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئۇزاققا سوزۇلغان غار- جىلغا مەدەنىيەت دەۋرىدىن كېيىن، يايلاق مەدە- نىيىتى ۋە بوستانلىق مەدەنىيىتى دەۋرلىرىگە قەدەم قويدى. ئات مەدەنىيىتى ئۇلارنى بايقال كۆلىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، يەنسەي ۋادىلىرىدىن ئامۇ دەريا ساھىلىغىچە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر خەلقى يىراق ئەجدادلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يېڭى تارىخىي قاتلاملار بىلەن داۋاملىق بېيىتىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا- تىياتىر، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك پائالىيىتى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدە- نىيەت تارىخى، ئىستېتىك ئاڭ ئالامەتلىرى ناخشا- مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ئويۇنبازلىق(تىياتىر)نىڭ ھەر- قاچان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس ۋە جىلۋىدار، ئەڭ مەپتۇنكار سەنئەت ژانىرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئەجداد- لىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر كرىستالى، ئىستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە ئېتنولوگىلىيىلىك تۈرمۈش مەدەنىيىتىنىڭ پوئې-تىك داستانى ۋە فولكلور قەسىدىسى، شۇنداقلا يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى سېھىرلىك سەنئەت بېغى؛ شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر؛ ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا كەلگۈسىگە تونۇتىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە!

ئۇيغۇر مۇقاملىرى دىللارنى دىللارغا، يۈرەكنى يۈرەكلەرگە چېتىپ «تارىم ۋادىسىدىكى توغراقلارنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش» دېگەن سادانى ياڭرىتىپ، يۇلغۇن قىزارغان داللاردىكى گۈلخانلارنىڭ يالقۇنىغا سىرداش بولۇپ، ئاجايىپ سىر- ھېكمەتلەرنى تەك-لىماكانغا ئاپىرىدە قىلدى. ئەمدى بىز ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، XX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى يېڭىچە مەدەنىيەت ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، شۇ يىللاردىكى يېڭى روھىيەت، مۇقام قىزىقىشى ۋە سەھنە سەنئىتى تەقەززالىرى «رۇخسارى مۇقامى» نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شەرت ھازىرلىغانىدى. 50- يىللاردا «ئون ئىككى مۇقام» دەسلەپكى قېتىم رەتلەنگەندىن كېيىن، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر-چىلىقتا يېڭى جانلىنىش مەيدانغا كېلىپ، مەم-لىكەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق مۇزىكشۇناسلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئىپتىخار بىلەن قاراشقا باشلىدى. 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا خەلق ئاممىسى ياراتقان

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنكار قىلىندى ۋە ئاياغ ئاستى قىلىندى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، 1978- يىلى ئىككىنچى قېتىم «مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. «ئون ئىككى مۇقام» ھاقارەت ۋە تەقىب ئاستىدىن قۇتۇلۇپ، نوپۇزى قايتا تىكلەندى. 1981- يىلىغا كەلگەندە بۇ گۇرۇپپا كېڭەيتىلىپ «شىنجاڭ مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى» بولۇپ قۇرۇلدى، قوشۇنى زورايتىلدى. 1989- يىلى «شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى» بارلىققا كەلدى. 2001- يىلىغا كەلگەندە، دولان مۇقام مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچە لاتاپەتكە ئىگە بولغان «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» بارلىققا كەلدى.

شۇ يىلى 11- ئايدا ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ناھىيە ئىچىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت ۋە يېزا- مەيدان بويىچە ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»نى كوللېكتىپ ئويناش بويىچە نەق مەيداندا مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە شۇ كۈندىكى ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدا شادخۇراملىق، جەڭگىۋارلىق، ئەقىل- پاراسەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا خاس بولغان دولان مۇقامى، دولان مەشرىپى، دولان ناخشا- ئۇسسۇلىدىن چەكسىز سۆيۈنەتتى ھەم ئىپتىخار-

لىناتتى. ئەجدادلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراس-
لىرى ۋۇجۇدىدا، پۇت- قولىدا، تومۇر- تومۇرلىرىدا،
كۆز ئالدىدا، قۇلاق تۈۋىدە نامايان بولاتتى.

ھاياتلىق ــــ ھەرىكەتتە، مۇزىكا ــــ تەڭرىنىڭ
تىلى، سالامەتلىكنىڭ ئاچقۇچى. چېنىقىش ــــ
سالامەتلىكنىڭ كاپالىتى. ناخشا- ئۇسسۇل بولسا
ئىنسان بەدىنى ھەم ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىنسان
قەلبىنى، ئىنسان جىسمىنى تاۋلايدىغان بەدىئىي
ئۇچۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ھېسسى-
ياتچان، ئەڭ چىن سەنئەت ژانىرى بولۇش سۈپىتى
بىلەن ئادەم بەدىنىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ساغلاملىق
دورىسى. قېنى، ئىلمىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئويلاپ باقاي-
لى، يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ قايسى-
بىرى «ئاۋات دولان مۇقام ساغلاملىق گىمناس-
تىكىسى» دا يوق دېيەلەيمىز.

ھاياتلىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى
نامايان قىلىدىغان بولغاچقا، مۇزىكا، ئۇسسۇل،
تەنتەربىيە ۋە تۈرلۈك جىسمانىي پائالىيەتلەرنىڭ
ساغلاملىققا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.
كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۈندىلىك ئىجتىمائىي
پائالىيىتىدە، بەلگىلىك قائىدە- تەرتىپ بويىچە
ئۇنۇمى ئەڭ ياخشى بولغان بەدەن چېنىقتۇرۇش
پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا خۇشتار. بىر ئادەمنىڭ
چېنىققان ۋاقتى ئېقىن سۇغا ئوخشىسا، چېنىق-
مىغان ۋاقتى تۇرغۇن سۇغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، قايسى

شەكىلدە، قانداق ئۇسسۇلدا چېنىقىش كۈندىلىك تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە. بۇ جەھەتتە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»نىڭ رولىغا ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بولۇپمۇ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا پايدىسى ناھايىتى چوڭ. بۇ گىمناستىكىنىڭ مەيـ-ـدانغا كېلىشى، قۇرۇلمىسى، ھەرىكەت شەكىللىرى، ئادەم بەدىنىگە بولغان تەسىر دائىرىسى، سىستېمىـ-ـلىقى، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تەنتەربىيە ئىلمىدىكى جەڭگىۋارلىقى، ئومۇمىي كۆرۈنۈشچانـ-ـلىقى، بۇيۇكلۇكى، چەكسىز ھاياتىي كۈچى يۇكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ «دولان مۇ-قاملىرى»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ 1956- يىل 8- ئايدا «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت»تە: «سەنئەت شەكىل مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئادەتلىرىدىن، ھېسـ-ـسىياتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. سەنئەتتە مىللىي ئەنئەنىلىك، ساقلىنىشچانلىق كۆچلۈكرەك بولىدۇ، ھەتتا بىرقانچە مىڭ يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەنىدى. «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»دا دولان خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇد-

دەتلىك تارىخى، مەدەنىيىتى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، دولان دىيارىدا دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىنىڭ نۇرلۇق سىيماسىنى قايتا نۇرلاندۇردى. دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر ئىپتىدائىي مىللىي سەنئىتى بولسا مىللەت ۋە قەبىلىلەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغان ئىپ ـ تىدائىي سەنئەتتىن شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي سەنئەت ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىپتىدائىي سەنئەت ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشىش قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلىشىپ، بىر يۈرۈش سەنئەت رىتىمى قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىپ، تەد ـ رىجىي سىستېمىلىشىپ، بەزى ئورۇنلاردا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، قوشاق ئېيتىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ۋە رىتىملىق ئېلىپ بېرىلىدىغان «مەشرەپ» نى شەكىللەندۈر ـ گەنىدى. دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىمۇ ئىپتىـ ـدائىي سەنئەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. بىز مىللىي سەنئىتىمىزگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، خۇددى ئىپتىدائىي تۇتېم مۇراسىمىدەك دەرەخنى دوراپ ھەر تەرەپكە ئېگىلىپ نازلىنىش، بۆركۈتنى دوراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قانات قېقىش،

لاچىنىنى دوراپ ئەگىش ۋە شوخخوش: ئىپتىدائىي ئەمگەك شەكىللىرىنى دوراپ ئۆۋچىدەك ئوقيا ئېتىش، باتۇرلارچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاش، دائىرىگە ئېلىپ دومبالاپ يوقىتىش، ئەمگەك غەلى-بىسىدىن كېيىن شادلىق تەنتەنىلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرى «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» دا تولىمۇ نەپىس گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ دولان مۇقام - مەش-رەپلىرىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئىپتىدائىي سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە بۈگۈنىنى كۆرۈۋالالايمىز. دولان مەشرەپ مۇقاملىرى ئۆزىگە خاس بولغان تەتقىقات مېۋىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر كلاس-سىك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئېستېتىك مەنبە-سىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، تەۋەلىكى، ئۆتمۈشى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت نۇرغۇن-لىغان تارىخىي مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»ىدىن كۆكلەپ چىققان يېڭى نوتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم نۇرغۇن سوئاللارنى ئۆز قوينىدا كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستې-

ـمىسىدىكى ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:
1) دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىدىن كۆكلەپ چىققان يېڭى نوتا.
2) كۈچلۈك مىللىي خاسلىقىقا ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە.
3) مەدەنىيەت ۋە سەنئەت پۇرىقى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات راۋاجى.
4) ئاممىباب تەنتەربىيە ۋە سەنئەت ئالاھىدىـ ـلىكىگە ئىگە.
5) ماكان ـ زامان تەرەققىياتىدا تارىختىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.
6) دولان مەشرەپ ـ مۇقامىدىكى تۆت باسقۇچ سىستېمىلىق ئىپادىلەنگەن.
7) بۇلغانمىغان مىللىي مەدەنىيەت نامايان قىلىنغان.
8) تەشۋىقاتچىلىق ۋە ئەمەلىيەتچانلىق رولىغا ئىگە.
9) ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ بىر خىل يېڭى قىلىپى.
بۇ گىمناستىكىنىڭ زامانىۋىلىقى ئۈستىدە توختالغاندا، ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىـ ـسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بولۇپمۇ داپ رىتىمى، مۇزىكا، ساناقنىڭ بىر گەۋدىلىشىپ «كوماندا»

تۇسىنى ئېلىشى، هازىرقى رادىئو گىمناستىكىلىرى ئىچىدە يېڭى بىر تۈر هېسابلىنىدۇ.

«ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» نى فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا ۋە ئاممىباب تەنتەربىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى هازىرقى زامان ئۇچۇر ۋە ئېلېكترون دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى، شۇنداقلا جوڭگو مەدەنىيىتىدىكى يېڭى مۆجىزە، يېڭى شەيئى دېيىشكە ھەقلىق بىز.



# دولان مۇقام- مەشرەپلىرىدىكى تۆت پەسىل ئوبرازى

ئىنسانىيەت دۇنياسى «دۇنيا» بولۇش ئۈچۈن جەزمەن قەدىمىي مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت ئۇپۇق سىزىقىدا تەڭلا جۇلالىنىپ تۇرۇشى كېرەك. قەدىمكىنى ئۇنتۇغاندا، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىكى ئەسلىنى تۇپتىن ئۇنتۇغان بىر توپ «ماڭقۇرتلار» پەيدا بولىدۇ- دە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى تونۇماستىن، ئۆز ئانىسىنىمۇ قەتل قىلىدۇ. بۇنداقلارنىڭ ھاياتىدا مەدەنىيەت، ئەخلاق نۇر چاچماستىن، بەلكى يىرگىنچلىك پاجىئە پۇراپ تۇرىدۇ.

مەدىنىيەت باش- ئاخىرى بار دولقۇنلۇق ئەزىم دەرياغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ بولالمايسەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ «ساپا»سى ئۇنىڭ «مەدەنىيەت قارىشى»دا ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، قولى بىلەن يارىتىلغان ھەممە نەرسە مەدەنىيەت ھېسابلانغىنىدەك، سىياسىيمۇ مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بارلىق مەدەنىيەتنىڭ يادروسى بولۇپ،

باشقا مەدەنىيەتنىڭ رەڭگىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا سىياسىي مەدەنىيەتتىن ئايرىلىپ قالسا، بۇ خىل سىياسىي ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت مىراسى، مەدەنىيەت ئەڭگۈشتىرى. «ئون ئىككى مۇقام» تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە سۇكۇتكە چۆمگەن تەكلىماكان چۆللۈكى كېلىدۇ. چۈنكى، تەكلىماكاندىكى ئاجايىپ سىر- ھېكمەتلەر «ئون ئىككى مۇقام» غىمۇ چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» دىكى سىر- ھېكمەتلەر كىشىنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى دولان چالغۇلىرى ئىچىدە دولان راۋابىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ قىز- جۇۋانلارنىڭ كوكۇلا چېچىدەك 13تالدىن 21 تالغىچە تەڭشەلگەن تارلىرىنى زەخمەك بىلەن تولۇق بىر چەكسىڭىز «دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شى، دو» دېگەن سەككىز خىل ئاساسىي ئاھاڭ چىقىدۇ. ئەجدادلىرىمىز دولان راۋابىغا 13 تالدىن تار ئىشلىتىپ، سەككىز خىل ئاساسىي ئاھاڭدا تەڭشەپ، دولان مۇقامىنى يېتىلدۈرۈپ يۈرگەن زامانلاردا، تېخى دۇنيادا «نوتا» دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يوق ئىدى. بىز ھازىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان يەتتە بوغۇم،

سەككىز بوغۇم، توققۇز بوغۇم، 12 بوغۇم ... دېگەن چۈشەنچىلەردىكى سان ـ ساناقلارمۇ مۇئەييەن تارىخىي جەريانلار ھەمدە مۇئەييەن قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» دىكى سان ـ سېفىرلاردىن تەدرىجىي سىڭىپ كىرگەن. قىسقىسى، «ئون ئىككى مۇقام»دىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول ۋارىيانتلىرى، شۇنىڭدەك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مول شېئىرىي شەكىللەرگە ۋە ئىجادىي تەپەككۇرغا، كۈچلۈك ھېسسىيات تەلپىگە ئىگە قىلغان.

«ئون ئىككى مۇقام» ئېچىلغان ھەم ئېچىلمىغان بۇلاق! ئۇنىڭ مۇقام ـ مەشرەپلىرى ئېچىلغان بۇلاق بولسا، ئۇنىڭ قات ـ قېتىدىكى ئىلەش ھېكمەتلەر، يوشۇرۇن سىرلار، ئەجدادلارنىڭ روھىي سېيماسى تېخى ئېچىلمىغان بۇلاقتۇر. مېنىڭچە بولغاندا، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار، نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلار ئېچىلمىغان بۇلاققا قاراپ ئېلىنغان مەزمۇت قەدەملەر. بۇ بۇلاق زادى نەدە؟ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ قات ـ قېتىدا، قەدىمكى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدا، ئەجدادلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا، دولان مەدەنىيىتىنىڭ كەچمىشلىرىدە.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەت غەرب مەدەنىيىتىـ

ـنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەت ئىبغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئادەتلەر، تۇرمۇش ئۇسسۇللىرى ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئادەملىرىمىز تىڭىرقىغان، گاڭگىرىغان ھالدا ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. ماددىي تەرەققىياتقا مەستخۇش بولۇپ، مەدەنىيەتتە شالغۇتلىشىش ئىبغىر بولۇۋاتقان 2004-يىل ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرى، مەدەنىيەت مىنىستىر-لىقى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نى ئېلىمىزدىن «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» گە يوللىغان بىردىنبىر تۈر بولدى. شۇ يىلى 29-ئۆكتەبىردىن 1-نويابىرغىچە ب د ت مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باشقارمىسىنىڭ باش-لىقى سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالايىتەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نى «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»گە يوللاشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ دۇنيا «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك زور ۋەقە بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ چەكسىز پارلاق ئىكەن-

لىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»دا تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىجتىمائىي خاسلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ روھى دۇنياسى، خاراكتېرى، تۇرمۇش چىنلىقى بىر گەۋدىلەشكەن. تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئاساسلىنىپ «ئون ئىككى ئاي» «ئون ئىككى ۋاق، 24 سائەت»كە، «365 كۈن»گە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن. ئەڭ مۇكەممەل ھەم ئەڭ ئىلمىي بولغان بۇ مۇزىكا سىستېمىسىنى بىز ئەمدى زامانىۋى مېتود بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ تېخى پارلاشقا ئۈلگۈرمىگەن گۇڭگا جايلىرىنى ئۆزىمىزگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

مېنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم، دولان مۇقامىنىڭ دەسلەپتە ئېيتىلىدىغان قىسمى «تاڭ سەھەر» ياكى «ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى»نى ياكى «ھاياتلىق» تىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، «چىكىتمە» ئەتىيازنى، «سەنەم» يازنى، «سەلىقە» كۈزنى، «سىيرىلما» قىشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەش. ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نى «ئانا مۇقام» دەپ ئېيتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئابدۇكېرىم راخمان بۇچى «بۇلاق» ژۇرنىلى 2004-يىل 4-سانىدىكى «‹ئانا مۇقام› ۋە ‹بالا مۇقام› لار مۇنازىرىسى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ نۇقتىنى تولۇق يورۇتۇپ

بەرگەن. بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا دولان مۇقام- مەشرەپلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئانىسى دەپ ئېيتىلغان. بۇ پەقەتلا پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. بۇگۈن توغۇلغان قىز بوۋاق كەلگۈسىدىكى بۇيۇك ئانا ئەمەسمۇ؟! «دولان ئون ئىككى مۇقامى»، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىلى ياركەنت ئون ئىككى مۇقامى»، «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى»، «خوتەن- قاراقاش ئون ئىككى مۇقامى»، «توقسۇ- دەرداغ ئون ئىككى مۇقامى » ۋە باشقا يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نى شەكىللەندۈر- گەن. ئەمما ھەربىر يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي كەچمىشلىرى بار. ھەر- قانداق بىر مۇزىكىلىق سەنئەت مۇئەييەن جۇغرا- پىيىلىك مۇھىت بىرلىكى ئىچىدىكى خەلق توپىنىڭ قەلبىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ مىللىي پىسخىكا چەمبىرىكىدە يۇغۇرۇلۇپ چىققان روھىي مۇئەككىلى بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن يەرلىك خاسلىقىغا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن بىز ھەرقانداق بىر ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ھوزۇر ئالغاندا ئېستېتىك سەزگۈمىزگە تايىنىپ، ئۇنىڭ قايسى يۇرتنىڭ ناخشا- مۇزىكىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرەز قىلالايمىز ۋە مۇقىملاشتۇرالايمىز. دولان مۇقام - مەشرەپلىرى

ئاساسەن مەركەزلىك هالدا قەشقەرنىڭ مەكىت، مارالبېشى ۋە ئاقسۇنىڭ ئاۋات، شايار ناهىيىلىرىگە تارقالغان نەغمە- كۈي ۋە مۇقىملاشقان ئالاھىدە ئۇسسۇل ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىپتىدائىي فولكلور مەدەنىيەت بايلىقى. ئۇ تارىم دەرياسى ۋادىلىرى تۇتاشقان بوستان- باياۋانلارنى ماكان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان دولانلىقلار داۋام--لاشتۇرۇپ كەلگەن سەنئەت نامايەندىسى. دولانلىقلار قەدىمدىن تاكى دەۋرىمىزگە قەدەر باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەچكە، يېڭىچە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغان. شۇڭا، دولان مۇقام- مەشرەپلىرى بۈگۈنگىچە ئىپتىدائىي هالىتىنى ئەينەن ساقلاپ كەلگەن. بۇ هال بىزنى دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

دولان مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ هەرقاندىقى «مۇقام»، «چىكىتمە»، «سەنەم»، «سەلىقە»، «سىيرىلما»دىن ئىبارەت بەش ئاساسىي قىسىمنى بىسىپ ئۆتىدۇ. دولان قىل«نەغمىچى» ئەڭ دەسلەپ نەغمە كىچىك دىپىنى ئىككى قولدا ئىككى ياقتىن تۇتۇپ، بوشلۇقتا دولقۇنسىمان ئوينىتىپ مۇقام تۈۋلايدۇ. تۈۋلىغان مۇقامنىڭ ئاۋازى بىر ئاڭلانماقتا چۆل- جەزىرىدە بىركىمنى تۈۋلىغاندەك، قوشچى يىگىتنىڭ «ئوش كە ئوش!» دەپ تۈۋلىغىنىدەك

ئاڭلىنىدۇ. يەنە بىر ئاڭلىماقتا تاڭ سەھەردە ئەزان توۋلىغان مەزىنىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر بولسا تاڭ ـ سەھەر دەشت ـ چۆللەردە ھۇۋلىغان بۆرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ ياكى كېچىلەردە بىر ـ بىرىنى توۋلىغان ئوتۇنچى، پادىچى، كارۋانلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. بۇرۇنقى زاماندا دولانلىقلار چۆل ـ بايا ـ ۋانلاردا يول يۈرگەندە بىر ـ بىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئاۋازىنى سوزۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىشاتتى. كېيىنچە ئات ـ تۆگە ھارۋىلىرىغا كولدۇرما ئېسىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدىغان ياكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان بولغان. دولانلىقلار ئەتىگەنلىك ئەزان بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا ـ ئاراملارنى سۈپۈرىدۇ. ئېغىل ـ قوتانلارنى يوقلايدۇ. شەرقتە — قىزارغان ئۇپۇققا قاراپ سالام بېرىپ، بىر كۈنلۈك ئىش ئۈچۈن خەيرلىك تىلەيدۇ. بۇ خىل ئۇدۇم دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، دەسلىپىدە نەغمە توۋلاپ، ئاندىن مەشرەپنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى باشلاش ئادىتىنى شەكىللەن ـ دۈرگەن. بۇنىڭدىن باشتىكى مۇقام (نەغمە) ھاياتـ ـلىقنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ «چىكىتمە» بولۇپ، باش مۇقام ئاخىرلاشقان ھامان مەشرەپتىكى ئەر ـ ئايال جۈپ ـ جۈپ بولۇپ لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەردانە،

سالماق قەدەم ئېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئەرلەر تەبەسسۇم ئىلكىدە قوللىرىنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ- سولغا تاشلاپ، ئوڭغا يېرىم، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. ئوڭغا يېرىم ئايلانغاندا ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىدىن باشلاپ ئۈچ قەدەم تاشلىنىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە ئوڭ پۇت يېرىم ئېچىلىپ سول پۇتنىڭ ئۇچىغا كېلىپ توغرىسىغا توختايدۇ - دە، سول پۇت دەرھال يۆتكى- لىپ، ئوڭ پۇتنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بويىچە تەكرار داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردىكى تەكرار ئۈچ قەدەم پۇت ئېلىش ھەرىكىتى ئەتىيازدىكى ئۈچ ئاينى كۆر- سىتىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپلا بىر - بىرىگە جۈپ ئىزدەپ جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ، بۇ ھال، ئۇچار قۇشلارنىڭ ئەتىياز ۋاقتىدىكى جۈپ ئىزدىشىگە ئوخشايدۇ. مۇزىكا ھەم ئۇسسۇل رىتىمىدا تەدرىجىي كۆچۈش بولىدۇ. بۇ ھال ئەتىياز ۋاقتىدا ئەمدىلا بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرغان ياكى يېشىللىققا چۈ- مۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئۆسۈملۈكلەرگە، قىشلىق ئۆچەكتىن ئەمدىلا چىقىپ ئىللىق باھار قويىنىغا قەدەم قويغان جانلىقلارغا ئوخشايدۇ. «چىكىتمە»دە چېلىنغان مۇزىكا، نەپىس ھەرىكەتلەر، سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلاردىكى ھېسسىيات باھارنى نامايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ «سەنەم» بولۇپ، ئۇسسۇل رىتىمى ئۆزگىرىپ، ھەرىكەت تېزلىشىدۇ. ئۇسسۇل- چىلارنىڭ سىپىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. ئەر- ئاياللار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر- بىرىگە

بىقىشىپ، چەبدەسلىك بىلەن ئوڭغا ۋە سولغا ماس
قەدەمدە تولۇق ئايلىنىپ ئوينايدۇ. بۇ هال يازدىكى
شاد- خۇراملىقنى، يازدا پىشقان قوغۇن - تاۋۇز ۋە
باشقا يەل- يېمىشلەرنى بېشىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ
ماڭغان چاغدىكى شادلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇسسۇل-
-چىلارنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئالدى - ئارقىغا
مېڭىشىپ، ئوڭ- سولغا ئايلىنىشى، قولىنى ئالدىغا
شىلتىش هەرىكەتلىرى بولسا يازدا ئادەملەر ئەمگەك
پائالىيەتلىرىدىن ئەركىن- ئازادە بولۇپ، كۈندىلىك
تۇرمۇش ئەمگەكلىرىدە ئالدى- كەينىگە مېڭىپ
يۈرۈپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە كېلىپ،
ياز پەسلىدە جان- جانىۋارلار كۈچ- قۇدرەت، لاتاپەتتە
تازا ۋايىغا يېتىپ گۈزەللىشىدۇ. بۇ هال ناهايىتى
گۈزەل بىر سەنەمنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، ياز پەس-
-لىنىڭ مۇشۇ ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن،
«سەنەم» باسقۇچىنى ياز پەسلىگە ئوخشىتىشقا
بولىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ «سەلىقە» بولۇپ، ئۇسسۇلغا
چۈشكەن هەممە كىشى ئاستا- ئاستا چوڭ بىر چەمبەر
هاسىل قىلىپ، ئەنە شۇ دائىرە سىزىقىنى بويلاپ
ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ هال كۈزلۈك يىغىم
ۋاقتىدىكى مول- هوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ.
دولانلىقلارنىڭ كۈز پەسلىدىكى قوناق سويۇش، كۈزگى
بۇغداي تېرىش، كۆرەك چۆلەش ئەمگەكلىرى ئاساسەن
كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا «سەلىقە »

قىسمى كۆز پەسلىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ «سىيرىلما» بولۇپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ چوڭ يۇمىلاق دائىرە بىر - بىرلەپ پارچىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇلچىلار ئۆز ئالدىغا ئەركىن پىرقىراپ چۆرگىلەپ، خۇشال- -لىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە، كۈزدە مول - ھوسۇل ئالغان دولانلىقلار قىشتا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ياكى يالغۇز داللاردا، قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇننىڭ قاقشاللىرىنى ئەكېلىشكە ئاتلىنىدۇ. چۈنكى، قىشتا كىشىلەر سوغۇقتىن قورقۇپ كۆپىنچە ئۆيلىرىدە بولىدۇ. بۇ ھال مۇزىكا، ئۇسسۇل ھەرى- -كەتلىرى بىلەن شۇنداق ماسلاشقان. شۇڭا، «سىيرىلما» قىشنى كۆرسىتىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئۇسسۇل پائالىيەت- -لىرىنىڭ بۆلۈنگەن باسقۇچلىرى ئۈچ ياكى بەش بولماستىن نېمىشقا تۆت باسقۇچقا بۆلۈنگەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پۈتۈن — بىر يۇرۇش مۇقامدا تاڭ سەھەر ھەم تۆت پەسىل روشەن ئىپادىلىنىدۇ؟ بۇ دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. دولان مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى تۆت پەسىل ئوبرا- زىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئادەتتىكى بىر كۆز قاراش ياكى تەسەۋۋۇر بولماستىن، بەلكى تارىخىي پاكىتلار ھەم ئەمەلىيەت چىنلىقى بولغان يېڭى بايقاشتىن ئىبارەت. بۇ ھال دولان مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى ئاساسلىق تۆت خىل ئۆزگىرىش تەبىئەت ئوبرازىغا

تەقلىد قىلىپ تەبىئىي ھالدا تۆت پەسىل ئوبرازىنى ياراتقان.

تەبىئىي مۇھىت ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ھېسسىيات، تۇيغۇ — سەزگۈلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ ھال دولان مۇقام - مەشرەپلىرىگىمۇ چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ھەربىر مۇقامدىكى «مەشرەپ» ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۇرگەن بەش خىل چوڭ ئۆزگىرىشتە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە تەبىئەت ئوبرازى سەنئەت ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

# دولان راۋابىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، ئاندىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى بىزگە مەلۇم بولغۇسى.

—— مورگان (ئامېرىكا)

«دولان مۇقام» مۇزىكا ژانىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەن ناخشا- ئۇسسۇل مۇزىكا ئاھاڭلىرىدىن تەركىب تاپقان قىممەتلىك مۇزىكا خەزىنىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىق ۋە ئۆز خاسلىقىنى، ئىچكى ئېنېرگىيىسىنى يوقاتمايدىغان قىممەتلىك مىراس. ئۇ بىزنى مۇزىكا تارىخى، مۇزىكا مورفولوگىيىسى، مىللەتشۇناسلىق، مىللىي ئۆرپ- ئادەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ چالغۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى

ئاددىي، مېلودىيىسى مۇڭلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلـ-
ـمىسىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىپتىدائىي پەيدا
بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك خاسلىقنى روشەن
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئىچىدە
«دولان راۋابى» نىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق، «دولان
مۇقامى» دا قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭ. «دولان
چالغۇلىرى»: دولان راۋابى، دولان قىل غېجىكى،
دولان قالۇنى، دولان نەغمە دېپى قاتارلىقلاردىن
تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ چالغۇلار دولان مۇقام-
مەشرەپلىرىگە تولىمۇ ماس كەلگەنلىكتىن ھەمدە
تارىخىي تەرەققىياتى تەقدىرداش بولغانلىقتىن،
ناملىرى دولان نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىپ
كەلگەن.

«دولان مۇقامى» ناخشا ئاھاڭلىرىدىكى ئوخشاش
بولمىغان دەۋرلەرگە تەۋە بولغان مۇزىكا ئالاھىدىـ-
ـلىكلىرى، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلەر، كىشىلەرگە
جەزبىدار ھېس- تۇيغۇ بېرىدىغان ئۇدار - رىتىملار
كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. 2005- يىلى
مەكىت دولان مۇقامچىلىرى فرانسىيىگە چىقىپ
«دولان مۇقامى» ئورۇندىغاندا، ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىلىك
دولان مۇقامچىلىرى (دېھقان مۇقامچىلار) جۈڭگو
تەيۋەن تەيبېيگە تەكلىپ بىلەن چىقىپ، مۇقام
ئورۇندىغاندا بۇ نۇقتىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تولۇق
ئىسپاتلاپ بەردى، بولۇپمۇ دولان راۋابىنىڭ شەكلى ۋە

ئاۋازى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. دولان راۋابى قارىماققا كۆرۈمسىز، ئاددىيلا بىر ساز، لېكىن ئۇنىڭدا ئاجايىپ سېھرىي كۈچ، سىرلىق تارىخىي مەدەنىيەت ئىزناسى بار.

دولان راۋابى ياسىلىشى ئاددىي، كۆتۈرۈشكە، چېلىشقا ئەپلىك، دېھقان قەلبىدەك باغرى يۇمشاق، دولان يىگىتلىرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازى بوم، دولان قىزلىرىنىڭ 41 تال ئۆرۈمە چېچىدەك تارلىرى كۆپ، سېھرىي تارتىش كۈچىگە ئىگە قەدىمىي ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ساز. دولان راۋابى ھازىرقى سەھنىلەردە كۆرۈنمىگىنى بىلەن دولانلىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قەلبىدىكى ئوبرازى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ساز. ئۇنىڭدا ئاجايىپ سېھرىي كۈچ، تارىخىي مەدەنىيەت ئىزناسى، دولانلىقلارنىڭ ھايات-ماماتلىق قىممىتى، يىپەك يولىنىڭ دۇنياغا تۇتاشقان ئالتۇن كولدۇرما ساداسى بار. ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان قەدىمىي مىراس دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشى، سىملىرىنىڭ تەڭشىلىشى، ھەربىر مۇقامغا چېلىنىشى ۋە تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايوندا ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ مارال-بېشى، مەكىت قاتارلىق رايونلاردىكى دولان راۋاب-لىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان راۋابىنىڭ شەكلى، چېلىنىشى (ھەربىر مۇقامغا باشلى-نىشى، سىملىرىنىڭ تەڭشىلىشى) ئوخشىمايدۇ.

ئاۋات دولان راۋابىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۆزىگە خاس مېلودىيە ئاھاڭلىرىغا ئىگە.

«دولان چالغۇلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي چالغۇلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بىزگە يېتىپ كەلـ-ـگەنلىرى بىر قىسىم رىۋايەت- ئەپسانىلەردىن ئىبا-رەت، خالاس. خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى تارىخلاردا مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىنـ-ـسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلايدۇ. «تارىخى مۇسىقىيۇن»دا نوھنىڭ دەۋرىگە باغلىسا، خەلق ئەپسانىلىرىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇنجى ئادەم — ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ يارىلىشىغا باغلاپ، مۇزىكا ئادەمدىن بۇرۇنلا جەننەتتە بار ئىدى دېيىشىدۇ. دولان راۋابىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردە، راۋابنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا بىرنېمە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، راۋابنىڭ پىرى (سازەندە) نى «جەڭگى» دەپ ئاتىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا تۇرانلار مەملىكىتىدە «جەڭگى» ئىسىملىك بىر سازەندە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ھەممە سازنى چالىدىكەن، بولۇپمۇ راۋابنى ئىنتايىن ياخشى چالىدىكەن. ئۆمۈر بويى راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ. دەسلەپتە راۋابنى گۇناھلىق ئىشلار ئۈچۈن چاپتۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ راۋابنىڭ ئىشقىدا سەرگەردان بوپتۇ، قىز - ئوغۇللار راۋابنى ئاڭلاپ

شەھۋانىيلىقى قوزغىلىپ گۇناھلىق ئىشلارنى قىپتۇ. كېيىنچە بۇنىڭغا نارازىلىق پەيدا بوپتۇ، «جەڭگى» بارغانسېرى قېرىپ كۈچىدىن قاپتۇ، كىشىلەر ئۇنى ئويۇن- تاماشا، مەرىكىگە قىچقار- مايدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگەشمەي، يۇقۇشماس بوپتۇ. تۇرمۇشتا بارغانسېرى زەئىپلىشىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، راۋابنى ساۋابلىق ئىشلارغا چالماي، گۇناھلىق ئىشلارغا چالغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ- دە، راۋابنى ئېلىپ بىر كونا گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ «ئى تەڭرىم! يەتتە يېشىمدىن يەتمىش يېشىمغىچە بەندىلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى ئۈچۈن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، سېنى ئۇنتۇپتىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئىشق- مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن ساز چېلىپ، مەدھىيە ئوقۇيمەن» دەپ ئالدى بىلەن ئۇچار- قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ مۇناجاتلىرىنى قوشاق قوشۇپ غەزەل تووۋلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنىڭغا ئەۋلىيالىق نېسىپ قىلىپ، پۈتكۈل سازەندىلەرنىڭ پىرى (ئۇستازى) قىلدىم دەپ ۋەھيى قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ جەڭگىنىڭ نامىنى «پىر جەڭگى» دەپ ئاتىغانىكەن. «پىر جەڭگى» راۋابنى ئېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ. راۋابنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان جايلاردا تۇران دۆلىتى دەۋرىگە باغلىغان.

ۋاھالەنكى، يۇقىرىقى رىۋايەتلەر قەدىمىي قىسسەلەر-دىن تارقالغان بولۇپ، بەزى جەھەتلەردىن ئەپسانە تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، «پىر جەڭگى» رىۋايىتى تۇرانلار دەۋرىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغا قەدەر راۋاب بىلەن تەڭ دولانلىقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ داستان بولۇپ كەلمەكتە.

دولان راۋابى يۇقىرىقىدەك رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەن 510 يىللىق تارىخىدا يەرلىك پۇراق، يەرلىك مەدەنىي مىراسلارنىڭ تەسىرىدە ئۆز-گىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئاۋات ناھىيە-سىدىكى ئاھالىنىڭ 70%ى قەدىمكى دولانلىقلار بولۇپ، يېزا قىشلاقلىرىدا دولان خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ئىزنالىرى، كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭدەك «دولان چالغۇلىرى» مۇ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە، جۇملىدىن دولانلىقلار يۇرتىنىڭ قانداق يېرىدە دولان مۇقام- مەشرەپلىرى ياڭرىسا، شۇ يەردە جەزمەن دولان راۋابى بار، دولانلىقلارنىڭ ئەۋلاد-لىرى بار.

دولان راۋابى ھازىرقى سەھنىلەردە كۆرۈنمىگىنى بىلەن دولانلىقلار قەلبىدىكى ئوبرازى مەڭگۈ يوقال-مايدىغان ساز. ناۋادا سىز دولان راۋابىغا قارىسىڭىز مۇشۇمۇ ساز، چالغۇ بولدىمۇ، دەپ مەنسىتمەس-

ـلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىرلار سىزنىڭ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىڭىزغا موهتاج، شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ دولان راۋابىدىكى ئەقىل- پاراستىگە قاراپ هەيرانلىق ئىچىدە دولان راۋابىغا تەبىئىيلا مەپتۇن بولۇپ قالىسىز. ئەمدى دولان راۋابىنىڭ تەرەققىيات ئالاهىدىلىكىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسـ- ـتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. دولان راۋابىنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. هەربىر باسقۇچنىڭ يىل تارىخى هەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

**بىرىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى.** بەلگىلىك ئۇزۇنـ- ـلۇقتىكى تۈز ياغاچ (كالتەك) نىڭ ئۈستىگە بىر تال ياكى ئىككى تال تار، بۆلبۆلەك، قولاق ئورنىتىلىپ، قول بىلەن ئەڭ ئىپتىدائىي مۇقاملارغا چېلىنغان.



بىرىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى

**ئىككىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى.** بىرىنچى ئەۋلاد دولان راۋابىنى چالغاندا چۆرۈلۈپ كېتىپ، چېلىشقا، تۇتۇشقا ئەپلىك بولمىغاچقا، ئىككىنچى ئەۋلاد دولان راۋابىنىڭ باش قىسمى كەپكۈردەك يالپاقلىنىپ،

تۇتۇشقا، چېلىشقا قۇلاي قىلىنغان. دەستە قىس-
مىنىڭ ئۈستى تەكشىلىنىپ، تار سانى مۇۋاپىق
كۆپەيتىلگەن، مېلودىيىسى كەڭرەك بولغان.



ئىككىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى

ئۈچىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى. ئىككىنچى ئەۋلاد
دولان راۋابى چېلىشقا، تۇتۇشقا قۇلايلىق بولسىمۇ،
ئاۋازى تۇتۇق، تار سانى ئاز، رىتىمى روشەن ئەمەس،
شۇنىڭدەك ئاكورتلاشتۇرۇش ۋايىغا يەتمىگەن. بۇ
خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، بۇلبۇلەك بې-
كىتىكەن. باش قىسمىنى ئويۇپ يۈزى ئۈستىگە
ئېشەك، كالا تېرىسىنى كېرىپ تار سانىنى كۆپەيت-
كەن. بۇنىڭ بىلەن ئاۋازى ياڭراق، مېلودىيىسى
روشەن بولغان. تار سانى ئۈچتىن 11 گىچە بولغان.



ئۈچىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى

تۆتىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى. نەپىس، كۆركەم، چىرايلىق، چېلىشقا، كۆتۈرۈشكە، تارلىرىنى تەڭ-شەشكە تېخىمۇ قۇلاي قىلىنىپ، ھازىرقى نەقىش-لىك ھالىتىدە ياسالغان. باش قىسمى ئادەم بېشىغا، ئاخىرقى قىسمى ئاتنىڭ كاللىسىغا (ئاتنىڭ باش قىسمىغا) ئوخشىتىلىپ ياسالغان. ئاخىرقى ئىككى بۆلبۆلەكنىڭ ئاخىرىنى ئېگىپ، ئىچىنى ئويۇپ ئۈچ تال، تۆت تال قۇلاق ئورنىتىلغان. قالغان تارلىرىنىڭ قۇلاقلىرى يان تەرەپكە تەرتىپلىك ئورنىتىلغان. يان تەرەپكە ئۆتكۈزۈلگەن تارلار دەس-تىنىڭ ئۈستىدىكى يان قۇلاقتا ئۇدۇل كەلتۈرۈپ كىچىك مىخ قېقىلغان. مىخنى ئايلاندۇرۇپ يان قۇلاقتا تۇتاشتۇرغان. تار سىملىرى 13 تىن 21، 22 ھەتتا 25 كىچە بولغان. بۇ ئەڭ مۇكەممەل ھالىتى.




تۆتىنچى ئەۋلاد دولان راۋابى

## ئاۋات دولان راۋابىنىڭ سىملىرىنىڭ تەڭشىلىش ئالاھىدىلىكى

دولان راۋابى شۇنچە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، دولان راۋابىنى ئەجدادلىرىمىز ئۆزى ياساپ، ئۆزلىرى چېلىپ يۇرگەن مەزگىللەردە «نوتا» دېگەن ئۇقۇم ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بولمىسىمۇ، ئەمما دولان راۋابىنىڭ تەڭشەلگەن سىملىرىدىن «دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شى، دو» دېگەن ئاساسىي رىتىم ئاھاڭى چىقىدۇ. مانا بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش. دولان راۋابىنىڭ سىملىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، باش ۋە ئاخىرىدىكى ئىككى بۆلبۆلەكىنىڭ ئارىلىقىغا ئەڭ ئۇزۇن ئۈچ تال سىم تارتىلغان، ياندىكى قۇلاقلىرىغا مەلۇم ئۆلچەم ئارىلىقى بويىچە بىر- بىرىدىن قىسقا قىلىپ 12 دىن 14 كىچە سىم تارتىلغان. چېلىش ھالىتىدە تۆۋەندىن ئۇستىگە قارىتا سىملارنى 1-، 2-، 3-، 4- ... سىم دەپ نومۇر بېكىتسەك، ئۇ ھالدا سىملارنىڭ تەڭشىلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| «1- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «سو- 5» |
| «2- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «فا- 4» |
| «3- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «دو- 1» |
| «4-، 5- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «دو- 1» (2 تال سىم ئوخشاش تەڭشىلىدۇ) |
| «6-، 7- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «فا- 4» (2 تال سىم ئوخشاش تەڭشىلىدۇ) |
| «8-، 9- سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «سو- 5» (2تال سىم ئوخشاش تەڭشىلىدۇ) |
| «10- سىم » نىڭ تەڭشىلىشى | «لا- 6» |

| | |
|---|---|
| «11 ـ سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «شى ـ 7» |
| «12 ـ سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «دو ـ 1» (يۇقىرى) |
| «13 ـ سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «رەي ـ 2» (يۇقىرى) |
| «14 ـ سىم» نىڭ تەڭشىلىشى | «مى ـ 3 » (يۇقىرى) |

......

ئاۋات دولان راۋابى سىملىرىنىڭ تەڭشىلىش ئالاھىدىلىكى يەرلىك مۇقاملارنىڭ كونكرېت رىتىمى ۋە ئاھاڭلىرىغا ئاساسەن، شۇنداقلا ئاكورتلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

## ھەربىر مۇقامغا باشلىنىش سىم تەرتىپى

ھازىر ئاۋات ناھىيىسىدە ئاساسەن مۇقىملىشىپ، مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۇنئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىنىپ ئارخىپتا ساقلاپ كېلىۋاتقىنى تۆۋەندىكى «ئون ئىككى مۇقام» تەرتىپىدىن ئىبارەت.

| | |
|---|---|
| 1. باش باياۋان | 12 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 2. بوم باياۋان | 1 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 3. سىم باياۋان | 12 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 4. ئۆزھال باياۋان | 10 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 5. مۇغال باياۋان | 11 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 6. سامۇك باياۋان | 10 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 7. جۇلا باياۋان | 8 ـ، 9 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 8. چۆل باياۋان | 12 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 9. دولامەت باباۋان | 11 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 10. بۇزۇرۇك باياۋان | 11 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 11. زىل باياۋان | 8 ـ 9 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |
| 12. ناۋا باياۋان | 12 ـ سىمدىن باشلىنىدۇ |

بۇ مۇقاملارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»ى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىسمەن يەرلىرى يەرلىك پۇراق ھەم ئىندىۋىدۇئال خاسلىق بويىچە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

## قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك

ئاۋات دولان راۋابى قارىماققا ئادەمنىڭ ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ياخشى- ناچار- لىقى باش قىسمىنىڭ ئۆلچەملىك ياسىلىشىغا مۇنا- سىۋەتلىك، دەستە قىسمىغا ئادەتتە پەدە باغلىمايدۇ. مۇقامغا ماسلاشتۇرۇپ سىيرىپ چېلىشقا ناھايىتى ئەپلىك، مۇقام قوينىدا ساقلاپ كەلگەن ئۆزگىچە يەرلىك پۇراقنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ماسلىشىشچانلىق، شەرت- شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ، باش ۋە گەۋدە قىسمى ئۈجمە ياكى ئالما، ياڭاق ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يۈزىگە ئۆچكە ياكى ئىشەك تېرىسى (بېلىق ياكى يىلان تېرىسىدە كەرسە تېخىمۇ ياخشى) كېرىلىدۇ. قۇلاق ۋە دەستە قىسمىغا ئەنئەنىۋى خاسلىققا ئىگە نەپىس نەقىشلەر ئىشلىنىدۇ. باش قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 20 — 25 سانتىمېتىر- غىچە بولۇپ، ئىچى 4 — 5 سانتىمېتىرغىچە ئويۇ- لۇپ، تەۋرىنىش ئىنكاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ دەستىسى 60 — 75 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، باش قىسمىدىكى خەرەك (بۇلبۇلەك) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 7—8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2 — 3 سانتىمېتىر، ئاياغ

قىسمىدىكى خەرەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 — 5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 1 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. ئۇنىڭغا 12 تالدىن 18 تالغىچە سىم سالىدۇ. سىم سانى قانچە تال بولسا قۇلاق شۇنچە دانە بولىدۇ، زەخمەك بىلەن چېلىنىدۇ (بۇرۇن كالا مۈڭگۈزىدىن سىلىقلىغان ئەورىشىم زەخمەك بىلەن چېلىناتتى، ھازىر ئۆلچەملىك سۇلياۋ زەخمەك بىلەن چېلىنىدۇ). چېلىش ئۇسۇلىدا زەخمەكنى سىمغا بوش، تارغا قاتتىق ئۇرۇپ پاشىلىدىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ قوشۇمچە مېلودىيە ھاسىل قىلىنىدۇ. زەخمەك ئۇرغاندا ئاساسىي رىتىم بىلەن قوشۇمچە ئاھاڭ بىرلەشتۇرۇلىدۇ. دولان راۋابى ئاھاڭ قوغلاپ ماڭماستىن، بەلكى مۇزىكىنى ئاكورتلاشتۇرىدۇ.

## دولان راۋابىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى قىممىتى

راۋاب ئەسلىي «راباب» ۋە «رەباب» دەپمۇ ئاتالغان، ئۇ بەربابنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، تۆت ئەۋلاد يېڭىلىنىش، مۇستەھكەملىنىش ئېلىپ بېرىلغان. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا «XVI ئەسىردە ياشىغان يەكەنلىك مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان ياسىغان» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى مۆجىزە پەقەت قىدىرخاننىڭ ئۇنى قايتا ئىسلاھ قىلىشى ئارقىلىق بۈگۈنكى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. تارىخىي خاتىرىلەردە «بەش تارلىق كۆچا راۋابى يۇملاق باشلىق» دەپ كۆرسىتىلگەن،

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 33 ـ جىلدىدا: «قەشقەرلىك بەش تارلىق راۋاب ماھىرى پىلۇل (پىي شىنفۇ) راۋابنى زەخمەك بىلەن چالاتتى» دەپ يېزىلغان. كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ خىل دەسلەپكى چېلىش ئۇسۇلى ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ، كۆپلىگەن ئەللەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تارىم، يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان دولان قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مىلادىيە IV ئەسىرلەردىن خېلى بۇرۇنلا كەڭ قوللىنىلغانلىقى تارىختا خاتىرىلەنگەن. دولان راۋابىنىڭ تارىخي قىممىتىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. دولان راۋابىنىڭ شەكلى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىنى ئاكورتلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ياپونىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بىر ياش ئايال دوكتور ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتىنچى ئەۋلاد ئاتاقلىق دولان مۇقامچىسى ئابدۇقادىر مۇسانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇچىنچى ئەۋلاد كونا ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن دولان راۋابنى خەلق پۇلىدا 1000 يۈەنگە سېتىۋالغان ھەمدە خۇشاللىق تۇيغۇسىدا: « ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن دولان راۋابنى تەتقىق قىلىشتىن

باشلاش كىرەك» دېگەن.

دولان راۋابى بىلەن قەشقەر راۋابى ۋە ئۆزبېك راۋابىدىن قايسىسى ئاۋۋال پەيدا بولغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دولان راۋابىنىڭ ئاۋۋال پەيدا بولغانلىقىنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، دولان راۋابى ئاھاڭ قوغلىشىپ ماڭماستىن، مۇزىكىنى ئاكورتلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ، قەشقەر راۋابى ۋە ئۆزبېك راۋابى مۇزىكىغا (ئاھاڭغا) ئەگىشىپ ماڭىدۇ. بىز بۇنىڭدىن قەشقەر راۋابى ۋە ئۆزبېك راۋابىنىڭ دولان راۋابى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دولان راۋابىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى تارىخىي قىممىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر بار يەردە «ئون ئىككى مۇقام» بار، «ئون ئىككى مۇقام» بار يەردە ئۇيغۇر بار، «ئون ئىككى مۇقام» بار يەردە جەزمەن «دولان چالغۇلىرى بار»، دولان چالغۇلىرى بار يەردە جەزمەن باش بولۇپ دولان راۋابى بار. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مۇقام ئېيتىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىستىقبالى يەنىلا پارلاق بولىدۇ.



# مۇزىكا ئەقىل- پاراسەتنىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى

ھەربىر دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ تېز قاتناش قوراللىنى شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەمسىل قىلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. «تەرەققىيات» ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ يېڭى بىلىم، يېڭى شەيئىلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن بىرگە، كونى- رىغان بىلىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سوئاللار ئۇن- دۇرمىسى ئىچىدە ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ دىئا- لېكتىك مۇناسىۋىتىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ھەربىر ئادەم بىر كۈن ئىچىدە ئۆزى ھەققىدە ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ئويلىنىشى ئەلۋەتتە ياخشى ئادەت بولۇپ، ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرى- لەشنىڭ پارلاق يولىنى تاپالايدۇ. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش رىقابەت مەيدانىدىكى بەيگە ئېتى! ئۇنداقتا ئۇتۇپ چىقىدىغان بەيگە ئېتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ؟ مانا بۇ مەسىلە ھەربىر ئادەم ئۈچۈن جەزمەن بىلمىسە بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى.

ئەلۋەتتە، ئەقىل بولمىسا بىلىم ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەقىلنى ئالدىن ...

ئىنسانىيەتنىڭ 1750 ـ يىلىدىكى ھەممە بىلىمىنى ئىككى ھەسسە دېسەك، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە تۆت ھەسسە، 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە 14 ھەسسە كۆپەيگەن. ئالىملارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى ئىككى ھەسسىدىن تۆت ھەسسىگە كۆپىيىشى ئۈچۈن 150 يىل، سەككىز ھەسسىدىن 16 ھەسسىگە كۆپىيىشى ئۈچۈن بولسا پەقەتلا 10 يىل ۋاقىت كەتكەن. بىلىمنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشى خەلقئارادا «بىلىمنىڭ پارتلىشى» ياكى «ئۇچۇرنىڭ پارتلىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن، ھەر بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىلىمنىڭ 40% ى كونىراپ بارماقتا. مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئويلانغاندا، مەلۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمى 10 يىلدىن كېيىن ئاساسەن كونىرىغان بىلىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆمۈر بويى بېرىلىپ، تىرىشىپ مەكتەپتە ئوقۇغان ھالەتتىمۇ، بىرەر كەسىپ دائىرىسىدىكى ھەممە بىلىملەرنى تامامەن ئىگىلەپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، بىلىم مىقدارىنىڭ كۆپىيىش تېزلىكى ۋە كونىراش تېزلىكى بىلەن ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ چەكلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ

بىردىنبىر يولى ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى ئېچىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش. چۈنكى، ھەرقانداق بىلىم ئىگىلەش ئەقلىي پائالىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت قانچىكى يۇقىرى بولسا، ئېھتىياجلىق بولغان بىلىمنى خالىغان مىقداردا شۇنچە تېز ئىگىلىۋېلىش ۋە جانلىق ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەقىل بىلەن بىلىم بىر- بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا بىر- بىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم. ئەقىل بولسا، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە ئىپادىلىنىدىغان تۈرلۈك تۇراقلىق قابىلىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى. ئەقىل كۆ- زىتىش قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، خىيال قابىلىيىتى، ئەمەلىي پائالىيەت قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى قاتار- لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم بولسا كىشىلەر- نىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىشى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئەقىل ئامىللىرى يۇقىرىقىدەك قابىلىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، قەلبىنىڭ تىلى بولغان مۇزىكا —— ئەقىل- پاراسەتنىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى. خۇددى بىلىم بىلەن ئەقىل بىر- بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق بولغىنىغا ئوخشاش، مۇزىكا بىلەن ئەقىلمۇ بىر- بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق. مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھېسسىيات تارلىرىنى خالىس

چېكىدىغان، ھېسسىيات ئىشىكىنى باھار شامىلى بىلەن ئاچىدىغان نازۇك بارماق، سۆيۈملۈك جانان بولغاچقا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئويغى-تىپ، خىيالىدىكى خۇپىيانە ئىشلار بىلەن ئۆتمۈش-تىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئادەمگە ئىلھام- مۇھەببەت، سۆيگۈ- نەپرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ جەرياندا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئەقىل ئاملى-لىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجابىي ئەقىل تەرەققىياتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

پەن - تېخنىكىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەنلەرنىڭ تېخىمۇ كونكرېت ۋە ئىنچىكە بولغان تارماقلارغا بۆلۈنۈشى ھەمدە ئۆزئارا بىر- بىرىگە سىڭىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەق-قىياتى پەننىي دەرسلىكلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا نىسبەتەن ئۇزلۇكسىز يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇل-ماقتا. بۇ ھال مۇزىكىغا بولغان دىققەت- ئېتىبارنى قوزغاپ، «مۇزىكا ئىلمى پېداگوگىكىسى» نى شە-كىللەندۈرۈپ، بىر خىل يېڭى يۈزلىنىشنى ۋە مۇقەررەرلىكنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە «مۇزىكا» ئۆزىنىڭ ئىنسان زېھنى ۋە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتىن ئىبارەت غايەت زور كۈچ- قۇدرىتى بىلەن جاھان ئىلىملىرىنىڭ ماددىي شەرتى ۋە گۈل تاجى بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ تەبىئىي پەن ئالىمى ئېينىش-

ـتىيىن ئۆزىنىڭ كىچىك چېغىدىكى مۇزىكا بىلەن تەربىيىلىنىشىنى «پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ياراتقان نەتىـ ـجىلىرىمىنىڭ ئاساسى» دەپ تونۇغان. تارىختا ئۆتكەن ئالىملارنىڭ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆپ سانلىقى كىچىكىدىن مۇزىكا بىلەن تەربىيىلەنگەن.

مۇزىكا ئاۋازنى ماددىي ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان سەنئەت تۈرى بولۇپ، ئۇ باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن ئۆزگىچە هالدا، خىلمۇ خىل، تەرتىپلىك، يېقىملىق ئاۋاز (تاۋۇش ۋە ئاهاڭ) لارنىڭ ئەمەلىي تەشكىللىنىش ئۇنۇمى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىچكى هېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئېستېتىك زوق، هاياجان قوزغايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇزىكا ئادەملەرنىڭ تىل تاۋۇشى ۋە چالغۇ ئەسۋابلار ئاۋازىنىڭ ئالاهىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، كىشىلەر- نىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدە يارىتىلغان مۇزىكىلىق ئوبراز ئارقىلىق ئۆز هېسسىياتىنى بايان قىلىپ، ئىجتىـ ـمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان «ئاۋاز سەنئىتى» دۇر.

مۇزىكىنىڭ بىردىنبىر پەلسەپۋى ئاساسى — ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش مۇكەممەل بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئەمەس، بەلكى باشقا بارلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتـ ـكىلىك رول ئوينايدىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇهىم ماددىي شەرت هازىرلايدىغان، ئىنسانىيەت زېهنىي تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى بولغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ بۇ

خىل پەلسەپىۋى ئاساسى قەدىمدىن تارتىپ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە قىلىنماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرۈشىنى ئۆز ئىچىدىن ئۆتكۈزدى. XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ، تېخى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولدى. قەدىمكى زامان پەيلاسوپى ئارستوتىل مۇزىكىنىڭ ئادەم تەربىيىلەش، كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي رولىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكىلەر بۇ ئىككى رولنىڭ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچىلىق مەسىلىسىدە تارىختىن بېرى بەس - مۇنازىرىنى توختاتمىدى. بەزىلەر مۇزىكىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، كىشىلەرنى ئەقلىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىگە ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى تەكىتلىسە، يەنە بەزىلەر مۇزىكىنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتىلا رولى بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئادەمنى يولدىن چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ ھەقتە دۆلىتىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىمۇ ئېنىق دەلىللەر بار. ئەمىنىيە دەۋرىدىلا كۇڭزى ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئىدىيە ئېقىمى بىلەن لاۋزى ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئىدىيە ئېقىمىنىڭ جىددىي كۈرەشلىرى بولۇپ

ئۆتكەن.

مۇزىكىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىستىپتىك ئالاھىدە رولى ھەققىدە ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ بالدۇر ۋە تېز تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ ئانىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى ۋاستە قىلىپ، بالىغا داۋاملىق مۇزىكا ئاڭلىتىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا داۋاملىق تۇردە مۇزىكا ئاڭلىتىپ تۇرۇشنىڭ بوۋاقنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ تېز يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىدەك ئەمەلىي پاكىتلارنى تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتى. مۇزىكىنىڭ ھەقىقىي پەلسەپىۋىلىك ئاساسى پەقەت يېقىنقى زامان پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە ئىلىملىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىلا ئاندىن ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى زاماندىكى ئەقلىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇزىكا مائارىپى بارلىق مائارىپنىڭ ئاساسى دەپ تونۇلماقتا.

1967-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ئامېرىكىنىڭ ماسساچۇستىس شتاتىدا مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان «تانگىۋۇت مائارىپ تەتقىقات يىغىنى» نىڭ خىتابنامىسىدا: «بىز مۇزىكا دەرسىنى مەكتەپ دەرسلىكىنىڭ مەركىزىي يادروسى قىلىشنى تەشەب-

ـبۇس قىلمىز، بالىلارنىڭ ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى تەربىيىسىدىن تاكى چوڭلار مائارىپىغىچە بولغان تەربىيە خىزمىتىدە، ھەرخىل مۇزىكا دەرسلىكىنى يېتەرلىك ۋاقىت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مانا بۇلار مۇزىكىنىڭ ھەقىقىي سېھرىي كۈچىنى ۋە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنۇملۇك ھالدا ھازىرقى زامان ئۇنىۋېرسال پەلسەپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس ياراتتى. پسىخولوگىيىلىك ئاساسلارنىڭ ياردىمىدە تەلىم- تەربىيە ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا پسىخولوگىيىلىك تەرەققىياتنىڭ مۇزىكىغا بولغان ئېھتىياجىنى چۈشىنىش مەسىلىسى ماھىيەت جەھەتتە مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇ جەرياندىكى مۇزىكىلىق سېزىمى ۋە ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، مەسىلەن:

1. ھامىلە مەزگىلى. تۆرەلمە 14 — 15 ھەپـ ـتىدىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. 28 ھەپتىدىن كېيىن مۇزىكا ۋە ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ. ھەرىكىتى كۆپىيىدۇ. مۇزىكىنىڭ تەرتىپلىك تەۋـ رىنىشى تۆرەلمىنىڭ ماددىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە تۆرەلمىنىڭ ساغلاملىقىنى

ئاشۇرىدۇ.

2. بوۋاق مەزگىلى (بىر ياشقىچە). بۇ مۇزىكىلىق سېزىمنىڭ پەيدا بولۇش باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بوۋاققا مۇزىكىلىق تەسىر ئۆتكۈزۈش تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، ياخشى، گۈزەل بولغان مۇزىكىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە بوۋاقنىڭ مۇزىكىغا بولغان ئىنكاسى بەك ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن يىغلاۋاتقان بوۋاققا مۇزىكا چېلىپ بەرسە يىغىدىن توختايدۇ، ئۆزىچە تېپىچەك- لەپ مۇزىكىغا بولغان ئابستراكت قىزغىنلىقىنى يۈزەكى ئىپادىلەيدۇ.

3. گۆدەكلىك مەزگىلى ( 2 — 5 ياشقىچە). بۇ مەزگىل بالىنىڭ ھەرىكەتچانلىق قابىلىيىتى تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، مۇزىكىغا نىس- بەتەن ھەۋەسى ۋە قىزىقىشى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ مۇزىكىنىڭ مېلودىيىسىگە قارىغاندا رىتىمىغا بولغان ئىنكاسى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مەزگىلدە مۇزىكىلىق رىتىم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىمكانىيەت يار بەرگەندە، مۇزىكا ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ مەزگىلدە بالىلاردا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە نادانلارچە قىزىقىش ۋە ئۇنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىش كەيپىياتى يۇقىرى بولىدۇ. ناۋادا بالىلار بىرەر مۇزىكىنى قولىغا ئېلىپ ئاۋاز چىقىرىپ باقسا، ئوماققىنە چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولۇپ، تۆۋەن باسقۇچتىكى ئەقىل تەرەققىياتىدا

سەكرەش پەيدا بولىدۇ. زېرەكلىكىنىڭ ئۇچقۇنى چاقنايدۇ، كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

4. بالىلىق مەزگىلى (6 — 12 ياشقىچە). بۇ، ئائىلە تەربىيىسى ئېلىش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە مۇزىكىلىق ئىقتىدار يىلدىن - يىلغا تېز تەرەققىي قىلىپ، مۇزىكىغا بولغان ئىنكاسى چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. 9 — 10 ياشتىن ئاشقاندا ھەرقانداق مۇرەككەپ رىتىملارغىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىنىڭ پۈتكۈل بەدىنى ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمى، ئاھاڭىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارى تېز ئۆسۈپ، ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىگە بولغان ھەۋىسى ۋە قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ.

بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى يۇقىرىقىدەك باسقۇچلارغا ۋە تەرتىپلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇزىكىلىق تەلىم - تەربىيىمۇ ئۇلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا، تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بالىلارنىڭ مۇزىكىلىق تەربىيىلىنىشىنى بالدۇر تۇتۇشنىڭ ئالاھىدە زور ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنماقتا. بەزى بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ بالدۇر ئىپادىلىنىشى باشقىلار تەرىپىدىن خاسىيەتلىك ئەھۋال دەپ

قاربلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنى تەلىم- تەربىيە ۋە ياخشى مۇھىت - شارائىتتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن داڭلىق كومپوزىتورلار كىچىكىدىنلا دەسلەپكى مۇزىكىلىق تەربىيىنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، ئاۋستىرىيىلىك مەشھۇر كومپوزىتور موزارتنى ئۈچ يېشىدىلا روياللدا ئادەتتىكى ئاككوردلارنى چالالىغان. بەش يېشىدىن باشلاپ مۇزىكا ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن. ئالتە يېشىدىن باشلاپ مەخسۇس مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇزىكا ئورۇنداپ «خاسىيەتلىك بالا» دەپ نام ئالغان. ئەلۋەتتە، مۇزىكىلىق تەربىيىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى مۇشۇلا ئەمەس، بەلكى مۇزىكا ئارقىلىق باللاردا گۈزەل ئىستەك ۋە قەلب تاۋلاپ، زېھنىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ھەمدە ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا باللارنىڭ مۇزىكىلىق تەربىيىلىنىشىنى بالدۇر تۇتۇش ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، چوڭ مېڭە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ماددىي شارائىت يارىتىشتا ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالا-لايمىزكى، مۇزىكا — ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-نىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

# مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئۆمۈر چولپانلىرى

تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتى بىر گەۋدە بولۇپ، دۇنيانى، دۇنيا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا تۈرلۈك مەدەنىيەت ساھەلىرى، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، مەدەنىيەت ئۆرپ- ئادەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ھەربىر جاي، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى تارىخى دەۋردىن - دەۋرگە ئۇلىنىپ كەلمەكتە. «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ ياكى تەرەققىي قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان تاڭ دەۋر مەدەنىيىتى ئىچىدە شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان «ئۆرپ- ئادەت مەدەنىيىتى»، «بۆشۈك مەدەنىيىتى»، «نان مەدەنىيىتى»، «ھۈنەر- سەنئەت

مەدەنىيىتى»، «نەققاشلىق ـ بىناكارلىق مەدەنىـ ـيىتى»، «ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىقلار ئىچىدە «مۇزىكا مەدەنىيىتى» ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ كەلدى. IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى 40 خىلدىن ئاشاتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي ئوركېسـ ـتىرلىرىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن يوقالغان ياكى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قەدىمكى زامان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىساق، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 60 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنى دۇنيا مىللەتـ ـلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋاب تەرەققىيات تارىخىدا ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ چالغۇلار يىپەك يولىدىكى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شەرق ـ غەرب ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، جاھان مۇزىكا مەدەنىيىتىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنداقتا ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ، مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر كونا شەيئىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا تەدرىجىي مەيدانغا كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ

چوڭقۇرلىشىشى، تەسەۋۋۇرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگە-
شىپ، دەسلەپتە بىر خىل ئىجتىمائىي سەنئەت
تۈيغۇسى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئادەم تاۋۇشىنىڭ
مۇڭلۇق تۈسكە تەقلىد قىلغان هالدا تەبىئەت ۋە
جەمئىيەتتىكى بەزى هادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە
ئاساسەن، ئەڭ ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابلار مەيدانغا
كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن 5000 يىللار ئىلـ-
گىرى ئەجدادلىرىمىز ئوۋ قىلىش قورالى بولغان يا
( ساداق) دىن ئوق ئۈزگەندە، ئۇنىڭدىن چىققان
ئاۋازنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئەڭ ئىپتىدائىي
ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى « ياتاڭ ــــ كامالچە» ياسالغان.
ئۇيما ياكى سىلىندىرسىمان ياغاچلارنىڭ يۈزىگە تېرە
تارتىش ئارقىلىق دۇمباق تىپىدىكى چالغۇ ئەسۋابلار
بارلىققا كېلىپ، كېيىنچە يۈزىگە ئۈچەيدىن ئىشـ-
لىگەن تار تارتىش ئارقىلىق ئاۋاز سۈپىتىنىڭ ياخـ-
شىلىنىشى، مۇقىملىشىشىغا يۈزلەنگەن، شۇنداقلا
ئۇلار بىر تارلىقتىن كۆپ تارلىققا، چېكىپ
چېلىشتىن كامالچە ئارقىلىق مۇرەككەپ چېلىشقا
تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى هالەتكە يەتكەن.
بۇلار دۇنيا بويىچە تىللىق چالغۇلار، يەللىك چالغۇلار،
چەكمە چالغۇلار، كامالچىلىق چالغۇلار، سوقما
چالغۇلار دەپ بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر
چالغۇلىرى قۇرۇلمىسى ۋە چېلىنىش قانۇنىيىتىگە
ئاساسەن يەللىك چالغۇلار، چەكمە چالغۇلار، كامالـ-
چىلىق چالغۇلار، سوقما چالغۇلاردىن ئىبارەت تۆت

چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇر چالغۇلىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇنىۋېرساللىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، شۇنىڭدەك مۇكەممەللىكى، ئامىمىۋابلىقى، چاققان، گۈزەل ـ نەپىسلىكى بىلەن ھازىرغىچە دۇنيا مىللەتلىرى چالغۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى. چالغۇنى ئادەم چالىدۇ. مۇزىكا(ئاھاڭ) چالغۇ ئەسۋابىدىن بارلىققا كېلىدۇ. مۇزىكا بىلەن ئادەم زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

مۇزىكا ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەينى زامان مۇزىكىلىرى ياكى نوتىلىرىنىڭ بىر قىسمى يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. كونا نوتىلار ۋە ياپونىيە خانلىق سارىيىدا ساقلانغان قىسمەن تاڭ نەغمىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا بىلگىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكى پەقەت تارىخىي خاتىرىلەر ۋە تاڭ نەزمىلىرىدە ساقلانغان تەسۋىرىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت. ئەمما، تارىم ئويمانلىقىدا ھازىرغىچە «ئون ئىككى مۇقام» ساقلىنىپ كەلدى. شۇ قانۇنىيەت ئىنتايىن روشەنكى، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى داپ رىتىمچانلىقى باي بولغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلاردىن ئىبارەت. بۇ ھال يالغۇز چوڭ ـ كىچىك نەغمىلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، «بۇددا

نەغمىلىرى» دەپ ئاتالغان مۇزىكىلاردىمۇ ئۆز ئىپا-
دىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا داپنىڭ 62 خىل
چېلىنىش ئۇسسۇلى بولغانلىقى، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى
ھەر خىل مېلودىيىلىك (ناۋالىق) ئىپادىلەش قابىـ-
ـلىيىتىگە ئىگە قىلغان مۇھىم بىر سىر سۈپىتىدە
دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.
ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا داپ، ناغرا، سۇناي،
قوڭغۇراق، بوم تار قاتارلىق ئۇرغۇ ۋە رىتىم ئەنئە-
نىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىڭلىغان يىللاردىن بېرى
يالغۇز مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنى بەلگىلەپلا قالماستىن،
ئۇسسۇللۇق پەدىلەرنى، ھەتتا شېئىرىي ۋەزىننى
باشقۇرۇپ كەلدى. نەزەرىيە جەھەتتە داپ ئۇرغۇلىرى
قانچە خىل بولسا، شېئىرىي ۋەزىن تۈرلىرىمۇ شۇنچە
خىل بولىدۇ ياكى بولالايدۇ. مۇزىكىلىق رىتىم تۈيغۇ-
سى بېرىلگەن ۋەزىنلەر شېئىرىي تۈيغۇمۇ بېرەلەيدۇ.
ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا داپ ئۇرغۇلىرى ياراتقان بەدىئىي
ئىمكانىيەتلەر ئىنتايىن كەڭ. ناخشا ـ ئۇسسۇل
رىتىملىق مۇزىكا قانۇنىنى ئاساس قىلغان ۋاقىت
خاراكتېرلىك سەنئەت. ئۇ بارلىق سەنئەت مۇۋەپپە-
قىيەتلىرىدەك ئوبرازلىق تەپەككۇر، مۇزىكا تىلى،
ئۇسسۇل تىلى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ
نۇتۇقسىز تىل، شۇڭا نۇتۇقلۇق تىل سۆز ۋە يېزىق
بىلەن بىللە ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى پىكىر ئال-
ـماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ.

مۇزىكىلىق تىل، ئۇسسۇللۇق تىل ۋە ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ نۇتۇق تىلى چەمبەرچاس باغلانغان. ئېستېتىك رىتىم قانۇنى ــــ تارىخىي رىتىم بىرلىك قانۇنى، تىل ۋە مەدەنىيەت توغرىسىدىكى ئېتنوگ-راپىك قانۇنىيەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مۇزىكىدا ھېسسىيات مەزمۇن، نۇتۇق (سۆز) ئارقىلىق ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى مۇزىكىلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكىلىق تىل كۈچلۈك ھېسسىياتقا، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇزىكا رىتىمى ئارقىلىق ئادەمنى ھاياجانغا چۆمدۈرەلەيدۇ، يىغلىتالايدۇ، كۈلدۈرەلەيدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىغا باشلاپ كىرىپ، ھاياتلىقنى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئادەم ھاياتىغا، ئادەم قەلبىگە ھەتتا ئادەمنىڭ جىسمىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەم ھاياتلىقىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. مۇزىكىدىن تەسىرلىنىش، ھۇزۇر ئېلىش، ئىشتىياق باغلاش ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتىلچىلىق ئىلمىي تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئەبۇ ناسىر فارابى (مىلادىيە 870 ــ 950- يىلى) «رىسالەئى موغەننى» ناملىق ئەسىرىدە « نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭ ساداسى ئادەم

روھىغا مەنۇۋى ئوت ياققۇچى ئامىل، شۇڭا نەزىم تىل قوشۇلغاندا مۇڭىنىڭ مەزمۇنى روشەنلىشىدۇ. 100 يىل ئىبادەت قىلىپ ئاڭلىمىغان ھۆزۈرنى قالۇنۇم سىملىرىدىن ئاڭلايسىز» دەپ مۇزىتكىلىق تىل ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت بىلەن بولغان بەدىئىي مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بەرگەن. پادىشاھ تاڭ شۈەنزاڭ زامانىدا (756 — 713 - يىللىرى) ئوردىدا ئۇيغۇرلار- نىڭ ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىگە قىزىقىشى يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ، شۈەنزۇڭ پادىشاھدىن تاكى بەزى ۋاڭ- گۇڭلارغىچە ئائىلە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاۋاغا ئايلانغانىدى. بۇ ھەقتە يۈەن جىڭ ئۆزىنىڭ «خاچۇي» (نەمۇنىلىك نەغمىلەر) ناملىق شېئىرىدا:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز- ئوغۇللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
‹سۇمۇرغ› ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
‹نەۋ باھار بۇلبۇل كۇيى› ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىنىنەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس- بەسلىك ھەممىسى بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

دەپ يازىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىيانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇزىكا، مۇقام ھەققىدە يېزىلغان لىرىك شېئىرلار، ئېپىك شېئىرلار ۋە ھېسسىياتقا باي

نەسرلەر مۇزىكىغا بولغان ھېسسىياتىمىزنى ناھايىتى يۇقىرى پەللىدە قوزغايدۇ. بۇ يەردىكى سىر زادى نەدە؟

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى ئۇزۇقلۇق، يورۇقلۇق، ھاۋا، سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇزىكا بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا مۇزىكىنىڭ ئادەم بەدىنىگە شىپالىق دورىدىنمۇ بەكرەك پايدىسى بار. دوختۇرخانا ۋە تېۋىپلارنىڭ كېسەلگە بۇيرۇيدىغان دورا رېتسېپلىرىدا «مۇزىكا» بولمىسىمۇ، ئەمما مۇزىكىنىڭ ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتىگە بولغان شىپالىق رولى ناھايىتى زور بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشتا بەلگىلىك رولغا ئىگە. ھاياتلىق ھەرىكەتتە بولغاچقا، مۇزىكا قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىپ، ماددا ئالمىشىشنى تېزلىتىدۇ. غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىپ، روھىي كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئاچچىقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىجەزنى تۇراقلاشتۇرىدۇ. روھىي چۈشكۈنلۈكتىن خالاس قىلىدۇ. ئادەمنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. نېرۋىسى ئاجىز كىشىلەرنىڭ روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نېرۋا ئاجىزلىقىنى داۋالايدۇ. ئادەم نېرۋىسىنى كۈچلۈك غىدىقلاپ خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. نېرىپلارنى ياشارتىدۇ. فىزىكا ئىلمىدە ئاۋاز جىسىملار تەۋرىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان چاستوتىغا ئىگە بولۇپ، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئىنكاس پەيدا قىلىدىغان دولقۇندىن

ئىبارەت، دەپ تەبىر بېرىلگەن. نۆۋەتتە ئالىملار ئاۋازدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان نۇرغۇن پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋاز يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندى. جىسىملار تەۋرىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئاۋازلار «تەرتىپلىك ئاۋاز، ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاۋاز، تەرتىپسىز ئاۋاز» دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەرتىپلىك ئاۋاز ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن پايدىلىق. تەرتىپلىك ئاۋازلار ناخشا، مۇزىكا، شېئىر، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، دەريالارنىڭ شاۋقۇنلىرى، بۇلاقلارنىڭ بۇلدۇقلىشى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇزىكا ئاۋازىدا ھېسسىيات، مەزمۇن كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى. مۇزىكا ئاۋازىدىكى تەۋرىنىش بىلەن ئادەمنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىڭ تەۋرىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مۇزىكىلىق ئۇدار، رىتىم، چۈشۈرگە، قايتۇرما قاتارلىقلار يۈرەكنىڭ «گۈپ- گۈپ » سوقۇشى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، تەۋرىنىش بىلەن سىرتقى تەۋرىنىشنىڭ بىردەك بولۇشىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەمنىڭ يەتتە خىل ئەقلىي قابىلىيىتىدە كۆرۈلىدىغان مۇزىكا سېزىم قابىلىيىتى بوغۇم، مېلودىيە، رىتىم ۋە ئاھاڭغا بولغان سەزگۈرلۈكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەزگۈرلۈك بىر جەھەتتىن ئادەمنىڭ ساغلاملىقىنى

ئاشۇرۇپ، قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خۇشال - خۇرام
كەيپىيات ئىچىدە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ
بېرىشتا پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.
مۇزىكا سېزىمى ئادەمنىڭ ھەر خىل سېزىملىرى
ئىچىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىلغار سېزىم بولۇپ،
ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى پەرقلەندۇرۇش-
ـتىكى روشەن بەلگە. مۇزىكا سېزىمى يۇقىرى ئادەم
ئەقىللىق كېلىدۇ. زېرەك ھەم تۇتۇۋېلىش
قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىنكاسىمۇ تېز بولىدۇ.
تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نوتىغا قارىماي
32 سائەت مۇزىكا چالىدىغان مۇقام- نەغمىچىلەر،
10—20 ناخشىنى بىراقلا ئېيتىدىغان خەلق ناخ-
ـشىچىلىرى، مەشرەپلەردىكى ھازىر جاۋاب ھەزىل-
ـكەشلەر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى
بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

مۇزىكىنى ئادەم چالىدۇ، ئەمما مۇزىكا پسىخىك
روھىي ھالەت جەھەتتە ئادەمنى چالىدۇ. ھەرقانداق
مۇزىكىنى چېلىش 10 بارماقتىن ياكى ئېغىزدىن،
ئۆپكىدىن، ئەڭ مۇھىمى رېئاللىقتا باي بولغان
ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. كۆپ قىسىم چالغۇلارنى
چېلىش 10 بارماقنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى
ماسلىشىشىدىن ھەرىكىتى ئارقىلىق چېلىنىدىغان-
ـلىقى ئۈچۈن، ھەرىكەت سېزىمى ۋە ئاڭلاش سېزىمى
بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نېرۋىلارنى كۈچلۈك
غىدىقلايدۇ. پۈتۈن بەدەننىڭ سىرتقى قىسمى يۇرەك،

قان تومۇرلارغا، ئادەمنىڭ قەلبىگە، ھېسسىيات جۇشقۇنلۇقىغا تەرتىپلىك تەۋرىنىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، بىز تازا ئېنىق سەزمىگەن ۋە ھېس قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاللىبۇرۇن ۋۇجۇدىمىزدا يېڭى ئېقىم پەيدا قىلىپ، توختاپ قالغان قانلار، ئاجىزلىغان نېرۋىلار ھەرىكەتكە كېلىپ، بىزنى جۇشقۇن، تېتىك، ساغلام بولغان جىسمانىي ۋە روھىي ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇزاق يىل داۋاملاشسا ياكى كۈندىلىك، ھەپتىلىك ئادەتكە ئايلانسا، ئادەمنى پارچە - پۇرات ياكى ئېغىر- يېنىك كېسەللىكلەردىن خالاس قىلىپ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. دۇنيادىكى ساغلاملىققا پايدىلىق ئامىللار ۋە دورا- دەرمانلار ئىچىدە ئادەم بەدىنىدە ماددا ئالمىشىشنى تېزلىتىپ، نېرۋىلارنى غىدىقلاشتا مۇزىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر دورا بولمىسا كېرەك. بۇ جەھەتتە مۇزىكا ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈم-لۈكلەرگە نىسبەتەن ئوخشاشلا پايدىلىق. مەسىلەن، دەل- دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مۇزىكا چالسا ئۇچار- قۇشلار قىن - قىنىغا پاتماي سايراپ تەڭكەش قىلىدۇ، خۇشاللىقتا شادلىققا چۆمىدۇ. پادىچى باللار نەي چالسا قوي، كالا، ئات، ئۆچكۇ قاتارلىقلار بەزىدە ئوت- چۆپمۇ يېمەستىن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشايدۇ. مۇزىكا چىققان تەرەپكە قاراپ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇزىكا چالغان ھويلىدا ئىتمۇ قاۋاشتىن توختاپ، زەن

سىلىپ ئاڭلايدۇ. سازەندىلەر سازلىرىنى كۆتۈرۈپ مەيلى كېچە ياكى كۈندۈزدە يولدا كېتىۋاتقاندا ھەرقانداق ئەسكى ئىت قاۋاپ ئېتىلىپ كەلگەندە، دەررۇ سازدىن ئاۋاز چىقارسا ئىت ئاستا كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ، شۇڭا كونىلاردا: سازەندىنى ئىت چىشلى-مەيدۇ، چالغان سازى زايە كەتمەيدۇ، دېگەن سۆز بار.

ئەمدى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى مۇزىكىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىگە قانداق قارايدۇ؟ تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئەنگلىيە يېزا - ئىگىلىك پەن- تەتقىقات ئاكادېمىيىسى مۇزىكىنىڭ ئۆسۈملۈككە بولغان تەسىرىنى سىناش ئۈچۈن ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش يەرگە، ئوخشاش ئۇرۇقلۇق ۋە پەرۋىش قىلىش ئاساسىدا ئىككى بوي يەرگە شوخلا، قىزىلچا، كاللەكبەسەي تېرىغان. نەتىجىدە كۈندە ئىككى سائەت كلاسسىك مۇزىكا چېلىپ بەرگەن ئېتىزدىكى شوخلىنىڭ بىرسى2.8 كىلوگرام، كاللەكبەسەي 28 كىلوگرام، قىزىلچا 7 كىلوگرام كەلگەن. ئەمدى بىز تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى جاپا- مۇشەققەت، زاغرا نان، تونۇردەك ئىسسىق، قىش- زىمىستان، چۆل- باياۋانلاردا ئۆتكۈزۈپ، بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق ئۆتكۈزگەن ئاشۇ جاپاكەش، مېھ-نەتكەش ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ھاياتلىق پائا-لىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

پېشقەدەم مۇقامچى ئۇقسۇپ سوپى. مارالبېشى

ناھىيە دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سويغۇنۇش كەنتىدىن، 101 ياش، تېخى ھايات، داڭلىق مۇقامچى ۋە راۋابچى. ئۇ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇقام، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

داڭلىق مۇقامچىلاردىن شاگزۇڭ بارات، يۇسۇپ بارات، ئىبراھىم تۆكىشبى قاتارلىقلار مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزا ئامانتوغراق كەنتىدىن بولۇپ، 100 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن.

قادىر زىماق. مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزا 13 ـ كەنتتىن، 1891 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1991 ـ يىلى ساق 100 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمرىدە 70 يىل راۋاب چېلىپ مۇقام توۋلىغان.

مەردان مۇلام. مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازىرىـ ـدىن، 90 ياش، دولان غېجىكى ۋە قالۇن چېلىشتا ئاۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرىدە نامى مەشھۇر.

مامۇت سەيپۇڭ. مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىسى 12 ـ كەنتتىن. 1900 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1989 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاتىسى ۋە چوڭ دادىسى تارىختا ئۆتكەن داڭلىق مۇقامچى ۋە سازەندىلەر بولۇپ، مامۇت سەيپۇڭمۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان.

بارات غېجەك. مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىسى 2 ـ كەنتتىن، 93 ياش، 15 يېشىدا غېجەك، دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن، 20 يېشىدىن باشلاپ

پىشقەدەم مۇقامچىلارغا ئەگىشىپ ئۇلاردىن مۇقام ۋە ئەلنەغمە ئۆگەنگەن.

هاتەم موللا. مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىسىدىن، 90 ياش، داستانچى، ئاشىق-مەشۇق-لۇق داستانلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ دۇتار بىلەن ئورۇندايدۇ.

مەمتاۋلا راۋاب. ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل يېزا قەدىم ئايماق كەنتىدىن، 70 ياش. ئۇ مۇقام ۋە ئەلنەغمىنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەي ئاچىسىنىڭ ئاتىسى تەڭداشسىز دولان راۋابچىسى مەھەممەت راۋاب (1854—1940) تىن ئۆگەنگەن.

كامالەتكە يەتكەن ماھىر غېجەكچى ھەمەر غېجەك. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ياڭرىق يېزا خاڭگۈك كەنتىدىن بولۇپ (1914 — 1995) 96 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. 14 يېشىدىن باشلاپ غېجەك چېلىشنى، كېيىنچە ئىسكىرىپكا، دۇتار، تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇ سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان. 1975-يىلى «قىزىل چىراغ» ئوپېراسىنىڭ ناخشا-مۇزىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئىككى مۇزىكىسى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىمۇ ئاڭلىتىلغان.

ئەمەت ساۋۇت. ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل يېزا قارىتال كەنتىدىن، 86 ياش، دولان مۇقامچىسى. ئۇ دولان مۇقاملىرىدىن باشقا بەشئېرىق سەنىمىنى

تولۇق بىلىدۇ.

ئابلاجان غوجا مەخسۇم ھاجى. ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسى سىيائىبرىق كەنتىدىن، 82 ياش. ئۇ داڭلىق دىنىي ئۆلىمالار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇقام مۇزىكىسىنى ئۆزىگە مەنىۋى ئوزۇق قىلىپ كەلگەن (يۇقىرىقى كىشىلەردىن ھەمەر غېجەكتىن باشقىسىنىڭ تارىخى مۇھەممەت ئوسمان يازغان «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 9-ئاي نەشرىدىن ئېلىندى).

خەلق ئىچىدە «سازەندە - سەنئەتچىلەر قېرىمايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنىڭمۇ ئاساسى بار. چۈنكى، كۆپىنچە چالغۇ سازلار بارماق ھەرىكىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىر قىسىملىرى ئۆپكە ھەرىكىتى ئارقىلىق بولىدۇ. بارماقلارنىڭ كۈچلۈك، ئاجىز، تىنىمسىز ھەرىكىتىدىن مۇزىكا چىقىدۇ. بارماق ھەرىكىتى قانچىكى كۆپ بولسا ياكى تەرتىپلىك ھېسسىيات ئاقمىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشسە، چوڭ مېڭىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭ مېڭە قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مۇزىكا دىيارىدىكى خەلقلەر ئىچىدە بىر كۈندە ياكى بىر يىلدا تۇغۇلغانلاردىن « سازەندىلەر 90 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ساز تىڭشىغانلار 80 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ؛ مۇزىكا چالمىغان، مۇزىكىمۇ تىڭشاشقا ئىشتىياق باغلىمىغانلار 60 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ (ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن›› دەيدىغان رىۋايەت بار. بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇزىكا مەدەنىيىتى قەيەردە كۈچلۈك ۋە يۇقىرى بولسا، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇزاق بولىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالىنى تارىم ئويـ ـمانلىقى ئەتراپىدىكى ناھىيە، شەھەر، يېزا- كەنتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، مارالبېشى ناھىيىسىدە مۇزىكا مەدە- نىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى، سازەندىلەرمۇ كۆپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلەرمۇ كۆپ.

ئەپسۇس! تولىمۇ ئەپسۇس! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇقامچىلار، ئەلنەغمىچىلەر قېرىپ تۈگەپ، ئەنئەنىۋى مۇزىكا مەدەنىيىتى سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

# دولان مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى ئارقىغا يۈت تارتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا

دولان مۇقام - مەشرەپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان دولانلىقلار تەرىپىدىن ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئاساسەن: «ئۇيغۇر پىر-قىرىما ئۇسسۇلى»، «ئۇيغۇر قايتما ئۇسسۇلى»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى ئۇسسۇلى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى»، « شەس ئۇسسۇلى»، «تۆنكى مۇناجان ئۇسسۇلى»، «ئاھمۇ ئۇسسۇلى»، «ئەرەن ئۇسسۇلى»، «بورناچ ئۇسسۇلى»، «ئۇت ئۇسسۇلى»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى»، «باتۇر ئۇس-سۇلى»، «سۇمۇز ئۇسسۇلى» ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئۇس-سۇللاردىكى ھەربىر ھەرىكەت شەكلى ئاساسسىز، ئىگىسىز، مەقسەتسىز ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا تەر-تىپلىك، سىستېمىلىق، قانۇنىيەتلىك، ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى دولان مۇقام - مەشرەپلىرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئاغدۇرىدىغان بولساق، بەزى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدە

ناھايىتى روشەن، نەپىس ھالدا كەيىنگە پۈت تارتىش ھالىتى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت شەكلى ئۆز نازاكىتى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق، كۆركەم، شوخ، جانلىق بولۇپ، جەلپكارلىقى كۈچلۈك. سىز مەستانە بولغان بۇ ھەرىكەت زادى نەدىن كەلگەن؟ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان مەدەنىيەت ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك، تارىخىي ـ ئەنئەنىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۆزىگە، ئۆز ئەنئەنىسىگە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىدۇ. مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئۇزاقتا سوزۇلغان غارـ جىلغا مەدەنىيەت دەۋرىدىن كېيىن يايلاق مەدەنىيىتى ۋە بوستانلىق مەدەـ نىيىتى دەۋرلىرىگە قەدەم قويدى. ئات مەدەنىيىتى ئۇلارنى بايقال كۆلىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، يەنىسەي ۋادىلىرىدىن ئامۇ دەريا ساھىلىغىچە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىمكان يارىتىپ بەردى. ئۇلار شەھەرـ قەلئە (تۇرا) بىنا قىلىپ، بوستانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتـ ـقاندىن كېيىنمۇ* «يىپەك يولى» نى تىزگىنلەپ، خەلقئارا سودا كارۋانلىرى بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا، تەكلىماكان قوينىدىكى بىپايان قۇم دېڭىزى، قۇم بارخانلىرى ئۇلارغا ئىللىق قوينىنى ئاچتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى، گىرىمسەن كارۋان يوللىرى ئۇلار ئۈچۈن ئانا ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا تونۇردەك قىزىغان شورغا، قۇم

بارخانىلىرىغا دەسسەپ تاپانلىرى يېرىلىسىمۇ، ئوتتەك كۆچلۈك ھارارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا دەسسەلگەندە، ئاياغلار قۇمغا ئازراق چۆكۈپ، كەينى ياكى يان تەرەپكە ئازراق تېيىلىپ توختايدۇ. مانا بۇ خىل يول يۈرۈشتىكى تەبىئىي ھادىسە دولان مۇقام- مەشرەپلىرىدە كەينىگە پۇت تارتىش ھەرىكىتىگە ئوبرازلىق ھالدا سىڭىپ كىرگەن. قىسقىسى، دولان مۇقام- مەشرەپلىرىدىكى كەينىگە پۇت تارتىش ھەرىكىتى قۇم بارخانلىرىغا دەسسەلگەن پۇتنىڭ تېيىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى كىشىلەردىكى گۈزەللىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەدەن قۇرۇلۇشى، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئاجايىپ تەسىرلەرگە ئىگە. شۇ ۋەجىدىن دولان مۇقام- مەشرەپلىرىدىكى كەينىگە پۇت تارتىش ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۈگۈنگىچە چىنلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇسسۇل شەكىللىرىدىكى نازاكەتلىكى، گۈزەللىكى، چەبدەسلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرماقتا.

دۇنيادا بىردىنبىر تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەققاسلىنىپ « 12 ئاي»، « 12 ۋاق 24 سائەت»، «365 كۈن» گە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئەڭ مۇكەممەل ھەم ئەڭ ئىلمىي مۇزىكا سىستېمىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام»نى، شۇنداقلا دولان مۇقام - مەشرەپ-

لىرىنى زامانىۋى مېتود بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ تېخى پارلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گۈڭگا، يوشۇ- رۇن، غۇۋا تەرەپلىرىنى قېزىپ چىقىپ، خەلقىمىزگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. باشقىلار قىلغاننى ۋە باشقىلار دېگەننى ئازراقلا رەڭ بېرىپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئانچە تەس ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى باشقىلار تېخى ئوتتۇرىغا قويمىغان يېڭى كۆز قاراشلارنى ھەم يېڭى بايقاشلارنى ئىلمىي ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇشتا.

**پايدىلانغان ماتېرىيال:** ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابى (1997- يىل 4- ئاي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى).

# ئاۋاتتا چاقنىغان دولان مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر بار يەردە مەشرەپ بار، مەشرەپ بار يەردە ئۇيغۇر بار. ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى. مەشرەپ جاراڭلىغان يەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشرەپتىن ئىبارەت ئاۋازى كۆكتىكى ئەركىن قۇشقا، بوستانلىقتىكى يېقىملىق بۇلبۇلگوياغا، چۆللۈكتىكى جەزبىدار يۇلغۇن چېچىكىگە ... ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس بولغان تولىمۇ گۈزەل، جۇلالىق، جەزبىدار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقان بۈيۈك مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر مەشرەپ- مۇقاملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەشرەپنىڭ ھەربىر ھۆجەيرىسىگە ھەمدە قان- قېنىغا، شۇنىڭدەك بىر پۈتۈن جەريانىغا مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەننى — يۇرتنى سۆيۈش مەرد - مەردانىلىكى، جاسارىتى، پەم- پاراسىتى، كەڭ قورساقلىقى، ئەپۇچانلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىشچانلىقى، پائالىيەتچانلىقى قاتارلىق

مىللىي روھى، چوڭلارنى، بىلىم ئەھلىنى ھۆر-
مەتلەش، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چوڭ بىلىش، يۇرت
بۇزارلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان ئادىمىيلىك پەزىلىتى ۋە
مەتانەتلىك ئۆرپ- ئادەت يوسۇنلىرىنىڭ جەۋھىرى
سىڭدۈرۈلگەن. مەشرەپ ئاممىۋىلىقتا، بىۋاسىتى-
لىككە، ئۇنىۋېرساللىقتا، ئەقىل- تىرەنلىككە، كۆپ
قاتلاملىق مەدەنىي مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئىگە
ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت پائالىيىتى. مەشرەپ
تارىختىن بۇيان مەخسۇس سىنىپى، ئوقۇتقۇچىسى،
دەرسلىك كىتابى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى بولمىسى-
مۇ، ئۆزىنىڭ ئاممىبابلىقى، ئىجتىمائىي ئالاھى-
دىلىكى، ئەۋزەللىكى — قالتىسلىقى بىلەن
كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ئادەم قىلىش، يولدىن
چىققانلارنى ئادىمىيلىك يولىغا باشلاش، ھاياتلىقتا
توغرا يول ئېچىپ مېڭىشتا كەڭ مەنىدىكى مائا-
رىپنىڭ رولىنى ئويناپ كەلدى. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلاردا
ئەلمىساقتىن تارتىپ «بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
بولمىسا مەشرەپكە بەر»، «مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەم
ئادەم ئەمەس»، « مەشرەپ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم»
دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. دۇنيا مەدە-
نىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، «مەشرەپ» تەك
شۇكەممەل، سىستېمىلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى
كۈچلۈك، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، بېيىت- قوشاق،
ئەقىل- پاراسەت، ھەق- ئادالەت ئۆزئارا بىرىككەن،
ئادەم تەربىيىلەشتىكى پەلسەپىۋى ئاساسلار بىلەن

كىشىلىك ھاياتتىكى ئەخلاق كۆز قارىشى مۇكەممەل بىرىككەن مەدەنىيەت گۈلىستانى بار بولۇشىمۇ، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن. دۆلەت ، جەمئىيەت، ئادەملەرنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن ئاساس، ئەمما ئەخلاق نىزاملىرى قانۇننى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدىغان كىشىلەر قەلبىدىكى مەشئەل.

«مەشرەپ» نىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدە-يوسۇنلىرى، بەلگىلىمىلىرى، تەشكىلىي ئاپپارات-لىرى (يىگىتبېشى، مىرشەب دېگەنلەر) بار بولۇپ، مەشرەپ جەريانىدا مەشرەپكە داخىل بولغان ھەربىر كىشىنىڭ قاتتىق ئەمەل قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتنىشىش چوڭ- كىچىك، قېرى- ياش، باي- كەمبەغەل، ئەمەلدار، پۇخرا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق دەپ ئايرىلمايدۇ. پەقەتلا مەشرەپكە قات-نىشىدىغانلارنىڭ تېنى ۋە روھى ساغلام بولسىلا، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تىزگىنلىيەلىسىلا، مەشرەپكە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا «مەشرەپ» نىڭ تۇتقان ئورنى خېلىلا گەۋدىلىك بولۇپ، «مەشرەپ» نىڭ بۇگۈنى ۋە ئەتىسى ئادەمنى يەنىلا چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا ئەنئەنىۋى مە ەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشقا قارىغاندا مەدەنىيەتتە شالغۇتلىشىش خا-ھىشى خېلى ئېغىر بولماقتا. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئىستىقبالى زادى بارمۇ - يوق؟ مەشرەپنىڭ ئىس-

ـتىقبالى بار، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر بار يەردە مەشرەپ بار، مەشرەپ بار يەردە ئۇيغۇر بار. بۇنىڭغا يەنە ئاۋاتتا چاقىنىغان دولان مەدەنىيىتى مىسال بولالايدۇ.

يېقىندا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سەيلە - سايا- ھەت، جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە بارغان بىر ئاغىنەمنىڭ دېيىشىچە، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ ئاپتونوم ئوبلاستىدا نوپۇسى تەخمىنەن 340 مىڭ ئەتراپىدا بولغان ناشىزۇ مىللىتى بولۇپ، ئۇلار ھازىر دۆلەت تىلى ( خەنزۇ تىلى) ئىشلەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ يېزىقى ئەمەلدىن قالغان. ناشىزۇ مىللىتىدىن بول- غان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پېنسىيىگە چىققان شەن كى ئەپەندى ئۆز يېنىدىن مەبلەغ سېلىپ، ناشىزۇ مىللىتى ئولتۇراقلاشقان تاغلارغا چىرايلىق، نەقىشلىك قىلىپ ناشىزۇ مىللىتىنىڭ يېزىقىنى، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى، قىسقىچە تارىخىنى سەنئەتلەشتۈرۈپ ئويۇپ چىقارغان، شۇنداقلا ناشىزۇ مىللىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پاكىتلىق دەرس كىتابىنى تاغقا يېزىپ قالدۇرغان. بۇ جاي ھازىر داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ، ناشىزۇ مىللىتىنى كىشىلەرگە تونۇتۇشتا رولى ئالاھىدە چوڭ بولغان.

ئاۋات ناھىيىسىدە تاغ بولمىسىمۇ قۇم بار. سېرىق ئالتۇن چىقىدىغان كان بولمىسىمۇ، ئاق ئالتۇن (پاختا) چىقىدىغان تۇپراق بار. چوڭ- چوڭ

دەريا بولمىسىمۇ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بار. دېڭىز بولمىسىمۇ تەبىئىي كۆللەر بار. قارىغايزارلىق بولمىسىمۇ، چۆللەرنى ماكان ئەيلەپ، چىدام-غەيرەتتە ياشاۋاتقان توغراقلار، يۇلغۇنلار بار. تېخى يەنە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز باغرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان تەكلىماكانغا تۇتىشىدىغان يىلان باغرى يىپەك يولىنىڭ ئىزنالىرى بار ...

ئاۋام خەلق — قەدىمىي ئەزىم دەريا! ... مەدەنىيەت بولسا ئاشۇ دەريانىڭ دولقۇن تۇركۈملىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان شاۋقۇن - سۈرەنلەر. ئەنە ئاشۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھازىرغىچە ياشاپ كەلگەن ماھىر سازەندىلەر، مۇقامچىلار، ناخشىچىلار، ھاپىزلار ... ساقلاپ كەلمەكتە. خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئاۋاتتا چاقنىغان دولان مەدەنىيىتىدىكى دولان مەشرىپى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتمەستىن، بەلكى خەلقنىڭ جىسمىغا، روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ چوقۇم ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە ۋە تەرەققىي قىلماقتا.

بۇنى تۆۋەندىكى ئەمەلىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) 2001- يىل 12- ئايدا ئاۋات ناھىيىسى دولان مۇقامى ئېيتالايدىغان 21 پېشقەدەم سەنئەتكارنى تەشكىللەپ ئىككى ئاي ئىچىدە بۇ ناھىيە تەۋەسىدە ئېقىپ يۈرگەن دولان مۇقامىنى قېزىپ،

رەتلەپ، تولۇقلاپ، ھازىرغىچە سىرتتا ئېقىپ يۈرگەن ئاۋات دولان مۇقامىنىڭ توققۇز خىل يۈرۈشلەشكەن مۇزىكىسىنى 12 خىل قىلىپ رەتلەپ مۇقىملاشـ ـتۇردى. ئۇلار: (1) باش باياۋان؛ (2) بوم باياۋان؛ (3) سىم باياۋان؛ (4) ئەرزىئال باياۋان؛ (5) مۇغال باياۋان؛ (6) ساموك باياۋان؛ (7) جۇلا باياۋان؛ (8) چۆل باياۋان؛ (9) دولامەت باياۋان؛ (10) بۇزرۇك باياۋان؛ (11) زىل باياۋان؛ (12) دولان ناۋا باياۋاندىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ئاۋات ناھىيىسى دولان مەدەنىـ ـيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دولان مۇقامىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەدەنىيەت، ساياھەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

2) دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى ئاساسىدا «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»، «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» بارلىققا كەلدى. بۇ ئىككى گىمناستىكا ئاۋات مەدەنىيەت تارىخىدا، شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى مۆجىزە ھەمدە دولان مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ يېڭى راۋاجى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن دولان مەشرەپ- مۇقاملىرىنى چۈشىنىش، ئۆگىنىشتىكى جانلىق دەرسلىك بولۇپ قالدى. سەنئەتلىشىش ئىنسانلارنىڭ ياشاش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىش- ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاداققى مەنزىلى بولغانغا ئوخشاش، ئاۋات دىيارىدا يارىتىلغان

ساغلاملىق گىمناستىكىسىمۇ كەم ـ كۈتىسىز ھالدا سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

3) 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىلارنى ئاساس قىلغان دولان مەشرەپ چېيى ئۆتكۈزۈلۈپ، دولان مەشرەپلىرىنى كەڭ خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا خەلق ئارىسىدا بېسىلىپ قالغان كۆپلىگەن مۇقامچى، نەغمىچى، قىزىقچى، ھاپىزلار، ئۇسسۇلچىلار، قوشاقچىلار بايقىلىپ چىقتى. يېزىلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن دولان مەشرەپ چېيى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەدەنىيەت ئىدارىسى ئاممىۋى پائالىيەتنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «دولان مەدەنىيەت مەيدانى» دا تۇنجى نۆۋەتلىك 100 كۈنلۈك مەيدان پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. بۇ پائالىيەتمۇ دولان مەشرىپىنى ئاساس قىلدى. قاتناشقۇچىلار يېزا ـ بازارلاردىكى خەلق سەنئەتكارلىرى، ئورگان، كارخانىلار، مەكتەپلەر، مەھەللە ـ كومىتېت ئاھالىلىرىدىن تەشكىل تاپتى. مانا ھازىر «دولان مەدەنىيەت مەيدانى» دا بولسۇن ياكى يېزا ـ قىشلاقلاردا بولسۇن، كەنتنى بىرلىك قىلغان دولان مۇقاملىرىنى ئوقۇش، مەشرەپلەرگە قاتنىشىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 2003 ـ يىل ئاۋغۇستتا، 13 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان 33 ھەۋەسكارنى تەشكىللەپ بىر ئايلىق دولان مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 2004 ـ يىلى قىشلىق تەتىلدىن پايدى ـ

ـلىنىپ سەككىز ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان 10 ئۆسمۈرنى يىغىپ 20 كۈنلۈك دولان مۇقامىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، بېزىلىق ھۆكۈمەتلەر بىرلىكتە دولان مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، 2001- يىلى 80 نەپەر خەلق سەنئەتكارىنىڭ يىللىق مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى بىكار قىلدى. 2003- يىلى توققۇز سەنئەتكارنى شەھەر - بازارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. 2005- يىل يانۋاردىن باشلاپ 16 سەنئەتكارغا ئېيىغا 200 يۈەندىن 450 يۈەنگىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى غەم - ئەندىشىسىدىن خالاس قىلدى. 2004- يىلى 65 ياشقا كىرگەن خەلق سەنئەتكارى ئىمىن ئەمەت يۈرەك تىقىلما كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، 10 نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپمۇ ياخشى بولالمىغاندا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ بىڭ باش بولۇپ 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 70 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىئانە توپلىنىپ، خەلق سەنئەتـ ـكارىغا بولغان قوللاش ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى.

2004- يىل 9- ئاينىڭ 19-، 20-، 21- كۈنلىرى ئاۋات ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قېيۇم باۋۇدۇن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە «دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى ‹ئون ئىككى مۇقام› بايىدىكى بىباھا گۆھەر» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان دوكتور، ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار يېزا- قىشلاقلاردىكى دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى ۋە «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»، «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى»نى كۆرۈپ، ئاۋاتتا پارلىغان بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىگە « جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مۆجىزە بوپتۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

4) 2004- يىل 9- ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى چوڭ تىپتىكى «مەشرەپ» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 2005- يىل 5- ئايدا ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقامچىلىرى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىگە بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بۇ مۇقامچىلار 2005- يىل 9- ئاينىڭ ئاخىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان تەيۋەنگە دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن كۆرسەتكىلى چىقىپ، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا

ئېرىشتى. بەلكىم ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مەملىكەت سىرتىغا چىقىپ، دولان مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كۆپلەپ تونۇشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئاپتونوم رايونىمىزنى بىرلىك قىلغاندا «مەشرەپ» ۋە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شۆھرىتى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. 2004- يىلى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا ئۇنىئالغۇلۇق سەنئەت پەن-مەدەنىيەت بايرىمى» دا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللاپ قاتناشتۇرۇلغان «دولان مۇقامى» بۇ نۆۋەتلىك مۇزىكا مۇسابىقىسىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئەسەر ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئەسەر ئۆزگىچە تېخنىكىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، «دولان مۇقامى» نىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى تولۇق نامايان قىلىنغان.

« ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى بارا- بارا جاللىنىپ پارلاق ئەتىسىنى تاپماقتا. دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تەسىرى ئۆسمۈرلەردىن قىزلارغىچە، ئەرلەردىن ئاياللارغىچە، دېھقانلاردىن كادىرلارغىچە، ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەرگىچە، يېزىلاردىن شەھەر - بازارلارغىچە، جەمئىيەتتىن مەكتەپلەرگىچە، ئېتىمىز باشلىرىدىن رېستورانلارغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە، مەملىكەت ئىچىدىن دۇنيا-

نىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە، ھەتتا ب د ت مائارىپ پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باشقارمىسىغىچە كېڭەيمەكتە.



## 6- ئەۋلاد مۇقام ئۇستازى — ئابدۇقادىر مۇسا

ئالتۇن ھامان چاقنايدۇ. خەلقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىقىمۇ ئەنە شۇ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.

ئاۋات ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دولان مەدەنىيىتى جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە گېزىت- ژۇرنال، كىتابلاردا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان، دولان مۇقام چالغۇلىرى بىلەن بىللە سۈرىتى ئەڭ كۆپ تونۇشتۇرۇلغان بىر كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاۋات خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، 6- ئەۋلاد دولان مۇقام ئۇستازى — ئابدۇقادىر مۇسا.

ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئاددىي - ساددا، دولانلىقلارغا خاس بولغان تەمكىن، چىرايىدا قاچانلا قارىسىڭىز تەبەسسۇم نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان، مېھرى ئىسسىق، قولى گۈل، قەلبى چوغ بىر ئىنسان. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقىنى، ئەقىل- پاراسىتىنى دولان مەشرەپ مۇقاملىرىغا بېغىشلىغان پەزىلەتلىك، تالانتلىق، ھەقىقىي سەنئەتكار. ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ ھازىرقىدەك گۈللىنىشىدە، تەرەققىي قىلىشىدا، مەملىكەت ئىچى

ۋە سىرتىغا تارقىلىشىدا ئۇنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇقام ساداسى ئىچىدە تۇغۇلۇپ، مۇقام ساداسى ئىچىدە چوڭ بولۇپ ، مۇقام ساداسى قوينىدا تاۋلانغان ئابدۇقادىر مۇسا دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى ساقلاش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ دولان چالغۇلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش، دولان ئۇسسۇللىرىنى ئويناش، شاگىرت تەربىيىلەش، يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆلگە كۆرسە- -تىش، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش ... جەھەتلەردە جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ ئۇن- تىنىسىز تۆھپە قوشۇپ كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز.

1942- يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل بازىرىدىكى دولان كەنتىدە تۇغۇلغان ئابدۇقادىر مۇسا 6- ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دولان مۇقامىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلق ئارىسىدا «مۇقام ئۇس- -تازى» دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

ئابدۇقادىر مۇسانىڭ ئاتىسى مۇسا موغال، مۇسا موغالنىڭ ئاتىسى ئەيسا موغال، ئەيسا موغالنىڭ ئاتىسى نايۇپ موغال، نايۇپ موغالنىڭ ئاتىسى ئايۇپ موغال، ئايۇپ موغالنىڭ ئاتىسى ئېلاخۇن موغاللار دولان دىيارىدا مۇقام ئېيتىپ، مەشرەپ ئويناپ، خەلق ئىچىدە نام قالدۇرغان ھەم مۇقاملارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئابدۇقادىر مۇسا ئاتا- بوۋىسىنىڭ تەسىرى بىلەن كىچىكىدىنلا مۇقامغا

ئىشتىياق باغلىغان ھەم مۇقام ئېيتىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي، ئۇنى خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزغان.

ئۇ 1978 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۈچ قېتىم ناھىيە تەشـ ـكىللىگەن تەتقىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ جەرياندا مۇقام تېكىستلىرىدىن 224 كۇپلېتنى بىرىكتۈرۈپ ئورۇنداش ماھارىتىنى يېتىلدۈردى. 846 مىسرا شېئىر، 107 ئاھاڭنى رەتلەپ بېكىتتى ھەم «دولان ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇق قېزىش، رەتكە تۇرغۇزۇش جەھەتتە كۆپ ئىزدەندى. 2001 ـ يىلىدىن ئىلگىرى خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان دولان مۇقاملىرى 7 ـــ 8 خىلغا يېتەتتى. ئابدۇقادىر مۇسا خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بەزى ئاھاڭلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بەزىلىرىنى دولان كۈيلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ بېيىتتى. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە، دولان مۇقاملىرىدىن 11—12نى ئېيتالايدىغان سەۋىيىنى ياراتتى. 2001 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن قوللىشى بىلەن، تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، «دولان 12 مۇقام»نى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ لېنتىغا ئېلىپ چىقتى ھەم ئارقا ـ ئارقىدىن كۇرس ئېچىپ، نەچچە يۈز مۇقامچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

قالۇن دولان مۇقاملىرىنى ئورۇنداشتا كەم بولسا

بولمايدىغان چالغۇ، ئەمما تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيـ-
ـلىدىن قالۇن ئاۋاتتا يوقىلىپ كېتىپ، ئابدۇقادىر
مۇسانىڭ ئۆيىدە ئاتا- بوۋىسىدىن قالغان بىر قالۇن
ساقلىنىپ قالغان. ئابدۇقادىر مۇسا بۇ «تەۋەررۈك» نى
ئەتىۋارلاپ ساقلاپ قالماي، يۇقىرى ماھارەت بىلەن
قالۇندا ئورۇندىيالايدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن،
شۇنداقلا ئىككى ئوغلىغا قالۇن چېلىشنى ئۆگەتكەن.
ھازىر ناھىيە بويىچە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىدىن
باشقا ھېچكىم قالۇن چالالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە
بەش قالۇن، يەتتە دولان راۋابى، ئۈچ چاڭ، تۆت داپ ۋە
مىللىي راۋاب، ئۆزبېك راۋابى، ئىسكىرىپكا، دولان
غېجىكى، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلار بار
ئىكەن. ئۆيگە بىر قېتىمدا 20 نەچچە ئادەم يىغىلىپ
بىمالال ساز چېلىپ، مۇقام ئېيتالايدىغان شارائىت بار
ئىكەن.

40 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەنئەت بىلەن
ئۆتكۈزگەن ئابدۇقادىر مۇسا ناھىيە ئىچىدىلا شاگىرت
تەربىيىلەپ قالماي، بەلكى سىرتقى جايلاردىمۇ
نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىدى. 1974- يىلىدىن
باشلاپ ھازىرغىچە ئۇ 300 دىن ئارتۇق كىشىگە
مۇقام، ساز ئۆگەتتى. 2000 دىن ئارتۇق ئۇسسۇلچىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. يېقىنقى ئىككى يىل
جەريانىدا، ئۇدا ئىككى قېتىم ئاقسۇ مەدەنىيەت-
سەنئەت مەكتىپىگە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ
قىلىنىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىغا دولان ئۇسسۇلى، دولان

مۇقامى، قالۇن ۋە دولان راۋابى ئۆگەتتى. ئۈچ ئوغلىنى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇتتى. ھازىر ئوغۇللىرى ئاقسۇ ۋە ئاۋاتنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت ساھەسىدە ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلماقتا.

63 ياشلىق مۇقام ئۇستازى ئابدۇقادىر مۇسا مۇنداق دەيدۇ: «ئاكام مۇھەممەت مۇسا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە، مەن ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. مەن كېيىن ئالمى- ـشىپ كەتتىم. بىراق، دولان مۇقام- مەشرەپلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ماڭا كۆپ شان- شەرەپلەرنى بەردى. مەن ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە دولان مۇقام - مەشرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىمەن».

ئابدۇقادىر مۇسا ئاۋات ناھىيىلىك دولان ئەلنەغمىچىلەر سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشقاندىن بۇيان، يەنە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى ھەم يۇكسەلىك ئىلغىرلىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. 2003- يىلىدىن بۇيان بۇ ئۆمەك ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. بىرقانچە قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، ياخشى باھاغا مۇيەسسەر بولدى. ناھىيە ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئابدۇقادىر مۇسانىڭ تالانتى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ياپونىيە، شياڭگاڭ، بېيجىڭدىن كەلگەن ئالىم،

مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى. بىز ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.



# كۆزگە كۆرۈنگەن دولان مۇقامچىلىرى

يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئاۋات دولان مۇقامىلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، رايون ئىچى-سىرتى، دۆلەت ئىچى- سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ جەرياندا، نۇرغۇن داڭلىق مۇقام-چىلار، ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەر يېتىشىپ چىقتى. تۆۋەندە بىز ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرنەچچە مۇقامچىنى تونۇشتۇرىمىز:

ئېزىز ئابلىز ( باش مۇقامچى ): 1954- يىل 10-ئايدا ئاۋات ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان. 1974-يىلىدىن باشلاپ مەدەنىيەت- سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە 13 يىل ئىشلەش داۋامىدا، ئارتىس، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئۆمەك باشلىقى بولغان. مۇقام ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، مۇزىكا چېلىشتا بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە. ھازىر ئۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، ئەلنەغمىچىلەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق مۇقامچىسى.

ئىمىر ئەمەت ( دېھقان مۇقامچى). 1937- يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل بازىرىدا تۇغۇلغان. 16

يېشىدىن باشلاپ ئاتىسى ئەمەت ئىلىدىن داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى، دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئىمىر ئەمەت داپ چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمە قىلىپ، خەلق ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

ئىمىن ئىسمايىل (دېھقان مۇقامچى). 1939 ـ يىلى بازىرىدا تۇغۇلغان. 18 يېشىدىن باشلاپ داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. 35 يىلدىن بۇيان ئۇ مۇقام، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ماھا ـ رىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەن.

بارات ئاۋۇت (دېھقان راۋابچى، مۇقامچى). 1950 ـ يىلى غورۇچۆلدە تۇغۇلغان. بارات ئاۋۇت 3 ـ ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى بولۇپ، 16 يېشىدا ئىسـ ـكىرىپكا، 19 يېشىدا دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنـ ـگەن. نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ھارماي مۇقام ئېيتىپ، خەلق ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

نەمەت مەھەممەت (دېھقان مۇقامچى). 1939 ـ يىلى ئاۋاتنىڭ بەشئېرىق بازىرىدا تۇغۇلغان. 18 يىشىدىن باشلاپ دادىسىدىن راۋاب چېلىشنى ئۆگەنگەن. دولان راۋابى بىلەن داپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەلگە تونۇلغان.

ئەمەر مامۇر (دېھقان مۇقامچى). 1931 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تامتوغراق بازىرىدا تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ داپ چېلىشنى ئۆگەنگەن. 1990 ـ يىلىدىن كېيىن مۇقام ئېيتىپ، خەلق

ئارىسىدا زور تەسىرى بار مۇقامچىغا ئايلانغان.

ئابلا ئىمامنىياز (دېھقان مۇقامچى). 1940 ـ يىلى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كەلپىن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن ھەم شاگىرت تەربىيە ـ لىگەن. ئابلا ئىمامنىياز مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ.

تۇنىياز تۇردى (دېھقان مۇقامچى). 1938 ـ يىلى غورۇچۆلدە تۇغۇلغان. 5 ـ ئەۋلاد مۇقامچى. ئۇ ساز چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى دادىسى ۋە بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن. 25 يىلدىن بۇيان ئۇ كۆپ خىل ئىقتىدارى بىلەن ئەل ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ كەلدى.



# دولان مۇقام ئۇسسۇلىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن هالقىتقان كىشى

2002- يىلى 8- ئاينىڭ 20- كۈنى ئاۋات ناهىيىلىك مەدەنىيەت سارىيىدا ناهىيىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى — 60 ياشلىق ۋېن دېمىڭ پېشانىسىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان بىر توپ ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇنداق خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. يەنى ۋېن دېمىڭ دولان مۇقام ئۇسسۇلىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ ۋە بۇ گىمناستىكىغا گۇاڭجۇدىكى مەلۇم بىر نەشرىياتنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ۋېن دېمىڭ ئەپەندى تۈزۈپ چىققان ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تارقاتماقچى، 9- ئاينىڭ بېشىدا ئاۋاتقا تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، بۇ گىمناستىكىنى سىنئالغۇغا ئېلىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ ئۈن - سىن ماتېرىيالى قىلماقچى بوپتۇ.

ۋېن دېمىڭ ئەپەندى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل ئارتىسى ئىدى. ئۇ 1963 ـ يىلى بۇ ئۆمەككە ئىشقا چۈشكەندىن باشلاپ، دولان مۇقامى بىلەن رەسمىي تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باشلىغان.

1974 ـ يىلى ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئىككىنچى يىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىغا تۆت يىل گىمناستىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن. ئىنستىتۇتنى پۈتكۈرۈپ، 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ۋېن دېمىڭ يۇرتى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، 9 ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىپىدە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 2001 ـ يىلى يەنى ئۇ پېنسىيىگە چىققان 4 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇبىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى بولغانىدى.

ئۇ بۇ قېتىم دولان مۇقام ئۇسسۇلىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى» نىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ 30 يىل بۇرۇنقى ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشى بولۇپ، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «بۇ قېتىم مەن يەنە دولان مەدەنىيىتىگە ئىشتىياق باغلىدىم» دېدى.

# دولانلىقلارنىڭ تۇخۇم چېكىشىش ئويۇنلىرى

ھەرقانداق مىللەت ۋە ئىرقنىڭ ئۆرپ- ئادىتى، تۇرمۇش خاسلىقى شۇ مىللەت ۋە ئىرق مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېت كارتىنىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، مىللەت ۋە ئىرقلارنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەت ۋە ئىرقلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى بىلىش — ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات تارىخى، تۇرمۇش شەكلى، ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي- سىياسىي قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش- ئەمگەك شەكلى، يېمەك- ئىچمەك ئادەتلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تارىخى قاتارلىقلارنى بىلىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئۇ يەنە ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، تارىخ، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆرپ- ئادەت

ئاساسلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ روشەن تارىخىيلىققا ئىگە. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان دولانلىقلار قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۆزگىچە مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ياشاپ كەلگەچكە ۋە يېقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىدە ئىپتىدائىي ھالەت ئانچە- مۇنچە ساقلىنىپ كەلگەن، بولۇپمۇ تۇخۇم چېكىشىش ئويۇنى دولانلىقلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايلاردا گەۋدىلىك بولۇپ، بارا - بارا ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان بازارلاردا ئومۇملاشقان.

شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇچار قاناتلىقلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئانا ماكانلىرىدىن بىرى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇچار قاناتلار 350 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇش تۈرىنىڭ 30% نى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭ ئەنە شۇنداق قۇشلارغا باي رايون بولغاچقا، ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ دولانلىقلاردا يىراق قەدىمدىن تارتىپ قۇشلارنى سۆيۈش ۋە ئاسراشتەك ياخشى ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادىدا قۇشلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خارلاش ئېغىر گۇناھ دەپ قارالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشلار ھەققىدە ناھايىتى قىزىقارلىق ئەپسانە- رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قۇشلارنى سېغىنىش ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى

ئالغا سۈرۈلگەن. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا «بۇلبۇل ياخشى روھلارنىڭ سىمۋولى»، «كاككۇك بىلەن زەينەپ مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى»، «خوراز تاڭ ئەلچىسىنىڭ سىمۋولى»، «توخۇلارنىڭ قاقاقلىشى بايلىقنىڭ سىمۋولى»، «كەپتەر ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى» دېيىلىدۇ.

ئۆي قۇشلىرى ئىچىدە توخۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، گۆشى ھالال، قۇۋۋەتلىك، دورىلىق قۇش بولۇپ، تۇخۇمى بىباھا گۆھەر. ھازىرقى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئائىلىسىدە توخۇ بېقىش، توخۇ تۇخۇمىنى ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى دەپ قاراپ ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشقان. ئەمما، توخۇ تۇخۇمىنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش يۈزىسىدىن «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى ھەققىدىكى قىزىقارلىق، ئەھمىيەتلىك ئويۇنلار، قائىدە - يوسۇنلار ۋە سىرلىق باغلىنىشلىق ئالامەتلەر خېلى كۆپ كىشىلەرگە نامەلۇم. «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى ئەڭ ئاۋۋال دولانلىقلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسى، قەشقەرنىڭ مارالبېشى، مەكىت ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كېلىپ ئىستېمالاشقان ۋە قائىدە- تەرتىپكە ئىگە بولۇپ، ئويۇن شەكلى ۋە ئەقىل- پاراسەتنى سىنايدىغان ۋاستىگە ئايلانغان.

1. دولان مەشرىپىدىكى «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى

دولان مۇقام مەشرەپلىرى بىلەن «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەشرەپ ئويۇنلىرى قاتارىدا «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى بار. مەسىلەن، تۈرلۈك شەكىلدىكى مەشرەپلەردە مەشرەپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا ياكى بىر مۇقام ئاخىرلىشىپ يەنە بىر مۇقام باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا (سازەندىلەر چاي ئىچكەچ ئارام ئالىدۇ) مەشرەپ ئەھلى بىر قىسىم مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئويناش بىلەن بىرگە، قىزىل بويالغان ياكى ئۆز رەڭگىدە پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى يىگىتبېشىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. يىگىتبېشى تۇخۇم ئويناش قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مىرشەب تۇتقان تۇخۇمدىن بىرنى ئالىمىز. تۇخۇمنى چىشقا ئۇرۇشقا بولمايدۇ. ئاۋۋال تۇخۇمنىڭ ئۇچىنى چېكىشتۈرىمىز، يېڭىلگەنلەر ئۇتۇپ چىققۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە تۇخۇمنىڭ پاينىكىنى چېكىشتۈرىمىز. يېڭىلگەنلەر ئۇتۇپ چىققۇچىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايدۇ. تۇخۇمنى بىر باشتىن چېكىشتۈرىمىز. تۇخۇمنى ئۆز مەيلىچە چىشتا چېكىپ باققۇچىلار، خالىغانچە چېكىشتۈرگەنلەر، مخەستىلىك قىلىپ چېقىۋەتكەنلەر، يوقىتىۋەتكەنلەر، يەپ كەتكەنلەر، ئۆز مەيلىچە ئالماشتۇرغانلار ئاخىرقى خۇلاسە چىققۇچە تەرتىپنى بۇزغانلار ... جازالىنىدۇ.

مەشرەپلەردىكى بۇ خىل تۇخۇم ئويناش ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ھەتتا بەزىدە ئەر- ئاياللارمۇ تۇخۇم چېكىشىدۇ. «سېنىڭ تۇخۇمۇڭ بوشكەن، مېنىڭ تۇخۇمۇمدەك بولالمىدى ...» دېگەندەك تۇخۇم ھەق- قىدە تەبىئىي چاقچاق چىقىپ، ھە دېگەندىلا كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

## 2. مېھماندارچىلىقتىكى تۇخۇم ئويناش

ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق، باغ سەيلىسى قاتارلىقلاردا ساھىبخان (ئۆي ئىگىسى) مېھمانلارنى قەدىرلەش، سورۇن كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى ئاچىقىپ، ھۆرمەتتە چوڭراق مېھماننىڭ ياكى سورۇن بېشىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. سورۇن بېشى ئەتراپىدا ئولتۇرغان مېھمانلارغا بىردىن تارقىتامدۇ ياكى ئىككى - ئۈچ- تىن تارقىتامدۇ ئىختىيارى بولۇپ، تۇخۇمنى تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن: «ھەربىرىمىز ئىككى- دىن تۇخۇم ئالىمىز، قولىمىزغا ئالغان تۇخۇمنى چىشقا چېكىپ بېقىشقا رۇخسەت، ئەمما ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا رۇخسەت يوق. تۇخۇمى چېقىلغانلار ناخشا ئېيتىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئوينايدۇ ياكى تانسا ئوينايدۇ ياكى بولمىسا ئۈچار قۇشلارنى دوراپ بېرىدۇ. تۇخۇمنى بىخەستىلىك قىلىپ چېقىۋەتكەنلەر، يوقىتىۋەتكەنلەر ياكى قائىدە بويىچە ئۇرماي ساختىلىق قىلغانلارمۇ ئوخشاشلا جازالىنىدۇ ...»

دەپ قائىدىنى ئوتتورىغا قويىدۇ. كۆكۈل ئىچىش سورۇنلىرىدىكى بۇ خىل قائىدە- يوسۇنلار، بولۇپمۇ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، سورۇنبېشى تۇخۇم چېكىشىش ئارقىلىق ھەر خىل ئويۇنلارنى چىقىرىپ سورۇننى ناھايىتى قىزىتىدۇ. تۇخۇمنىڭ ئۇچى ۋە پايىنىكى ھەققىدە ھەرخىل- ھەرياڭزا قىزىق چاقچاقلار دېيىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل- پاراسىتى، سۆزمەنلىكىنى، گەپدانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

### 3. ھېيت- بايراملاردىكى «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى

دولانلىقلار روزى ھېيت، قۇربان ھېيتتا ھېيتلاپ كەلگەن كۈيئوغۇللىرىغا كۆڭلەك ياكى شىم ياكى باش كىيىم قويۇش بىلەن بىرگە، قىزىل بوياپ پىشۇرۇلغان سەككىز تۇخۇم قويىدۇ (كۈيئوغلى ئىككى بالىلىق بولغۇچە). سەككىز تۇخۇم قويۇشتا يوشۇرۇن مەنە بولۇپ، بىر ھەپتە يەتتە كۈن، 8- كۈنى ھەپ- تىنىڭ 1- كۈنى بولىدۇ، يەنى «ھەپتىنىڭ دەسلەپكى كۈنىنى ياخشى باشلاڭ»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۈيئوغۇل بۇ سەككىز تۇخۇمنى ھېيت بازىرىدا تۇخۇم چېكىشىپ، 16 دانە يېقىلغان (پاخشە بولغان تۇخۇم) ۋە سامسا ياكى باشقا ئوبدانراق يېمەكلىكلەرنى ئېلىۋېلىپ، شۇ كۈنى كەچتە قېيناتا ھەم قېينانىسىنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئادەتتە توي

قىلغىنىغا 5— 6 كۈن بولغان كۈيئوغۇل ئايالى بىلەن كېلىشىپ قالغانلىقىنى نامايان قىلىپ، تۇنجى قېتىم قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە قېيىنانىسى سەككىز تۇخۇمنى قىزىل بوياپ پىشۇرۇپ، كۈيئوغلىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئەگەر قىزى بەكرەك ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولسا، سەككىز تۇخۇم بىلەن بىر تەخسە يېمىش جىگدىسى قويىدۇ. يىگىت ھوشيار بولسا، تۇخۇمنى چېقىپ يەپ، يېمىش جىگدىسىنى يېمەيدۇ. چۈنكى، يېمىش جىگدىسى ئوغۇل بالىنىڭ دۈشمىنى، ئوغۇل بالىنىڭ مىجەزىنى سۇسلاشتۇ- رۇۋېتىدۇ.

ئادەتتىكى بازار كۈنلىرىمۇ توي قىلىش قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر ئىختىيارىي تۇخۇم چېكىشىپ ئوينايدۇ. بەزى چېچەن، سەزگۈر، تۇخۇم بىلىدىغان يىگىتلەر بىر يەكشەنبىدە 70— 80 ئەتراپىدا تۇخۇم ئۇتۇپ بازارنى قىزىتىدۇ. ئۇتقان تۇخۇمنى سېتىپ، لايىقىغا كىيىم- كېچەك ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنداق يىگىتلەر يۇرت ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. قىزلارمۇ ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. تۇخۇم بازارلىرىدا ئىككى ئادەم ھەر بىرى 20— 30 تۇخۇمنى قاتار قويۇپ چېكىشىدۇ (بۇ قاتار ئويناش دېيىلىدۇ). بىر قىسىم ئادەملەر مەخسۇس تۇخۇم سېتىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. بەزىسى تۇخۇم چېكىشىش ماھارىتى ئارقىلىق تۇخۇم ئۇتۇپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى تۇخۇم بازىرىنى

جانلاندۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. بەزىلەر تۇخۇمنى ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن ئالىدۇ، بەزىلەر «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى ئۈچۈن ئالىدۇ، ھەتتا بەزى تۇخۇم چېكىشىش ماھىرلىرى بىر دۆۋە تۇخۇم ئىچىدىن بىر تۇخۇمنى تاللاپ بىر تۇخۇم ئارقىلىق 30— 40 تۇخۇم ئۇتالايدۇ ( تاللان ن بىر تۇخۇم ئارقىلىق 30 ــــ 40 تۇخۇمنى چاقالايدۇ).

ئادەتتە تۇخۇمنىڭ ئۇچى ۋە پاينەك تەرىپىنى ئىككى قول بىلەن ھەرقانچە كۈچەپ باسسىمۇ مىجىلمايدۇ. پايىنىكىگە قارىغاندا ئۇچى كۈچلۈك بولىدۇ. تۇخۇمنى چىشقا بوش ۋە سەل چىڭراق ئۇرۇش ئارقىلىق، بوش- چىڭلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇخۇمنى چىشقا ئۇرغاندا « توس... توس... توس...» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. ئاۋازنىڭ كۈچلۈك- ئاجىزلىقىغا قاراپ تۇخۇمنىڭ بوش - چىڭلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ سازەندىلەرنىڭ ئاھاڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاچقا، تۇخۇمنىڭ بوش- چىڭلىقىنى ئاسان پەرق ئېتەلەيدۇ. داۋاملىق «تۇخۇم چېكىشىش» ئويۇنى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ 95% ى تۇخۇمنىڭ بوش- چىڭلىقىغا ئاسان ھۆكۈم قىلالايدۇ. تۇخۇمنىڭ بوش- چىڭلىقى تۇخۇم شاكىلىنىڭ نېپىز- قېلىنلىقى ھەمدە ئۇچى ۋە پاينەك تەرىپىنىڭ كاۋاك - تولۇقلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۇخۇمنىڭ ئىچىدە ئازراق بوشلۇق بولۇپ، بۇ بوشلۇق تۇخۇمنى

پىشۇرغاندا بەزىدە يان تەرەپلىرىگە، بەزىدە ئۈچ ۋە پايىنەك تەرەپكە توغرا كېلىپ توختاپ قالىدۇ. تۇخۇم ئادەتتە قىزىل، سامان رەڭگىدە، سېرىق ۋە ئۆز رەڭگىدە پىشۇرۇلىدۇ. تەبىئىي ھالەتتىكى تۇخۇم ئاق، سامان رەڭگىدە، سارغۇچ ۋە سۇس سارغۇچ ھالەتتە بولىدۇ. توخۇ ئادەتتە سېرىق ئەتلىك ۋە قارا ئەتلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ تۇخۇمى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۈچ خىل رەڭدە تۇغۇلىدۇ.

تۇخۇمنى قىنىق سامان رەڭگىدە بوياپ پىشۇرۇش بىلەن قىزىل رەڭدە بوياپ پىشۇرۇشنىڭ مەلۇم مەنىسى بار. ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت- سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى دەپ قارايدۇ. سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا، مول ھوسۇلغا، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمكى قۇياش تەڭرىسىگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، بەزىدە سېرىق رەڭ چۈشكۈنلۈككە، روھسىزلىققا، پەرىشانلىققا سىمۋول قىلىنغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق زىددىيەتلىك مەنە كۆپرەك ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرى ۋاسىتىلەردە كۆزگە چېلىق-

ـقىدۇ. تۇخۇمنى سېرىق رەڭدە بوياپ پىشۇ- رۇشنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولىدۇ. بىرسى سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ دەپ قاراش، يەنە بىرسى بولسا سەلبىي تەرەپ روھسىزلىق. مەسىلەن، دولانلىقلاردا قېيناتا - قېينانا كۈيئوغلىدىن رازى بولسا، كۈيئوغلىنىڭ ئالدىغا جەزمەن قىزىل تۇخۇم قويىدۇ. ئەگەر كۈيئوغلىدىن سەل نارازى بولسا سېرىق تۇخۇم قويىدۇ. قۇدا- باجىلار بۇ ئىشقا بەك دىققەت قىلىدۇ.

دېمەك، تۇخۇم ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىك بولماستىن، بەلكى دولانلىقلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا بەلگىلىك مەنىلەرگە ئىگە بولغان ئۆرپ - ئادەت ۋە ئويۇن تۇسىنى ئالغان تۇرمۇش چىنلىقى.

# «دولان زىل باياۋان مۇقامى»نىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ئۇيغۇر بار يەردە ھايات مەشرەپ،
ھايات بار يەردە ئۇيغۇر ئەشرەپ.
تەقدىرداشتۇر ئۇيغۇر ھەم مەشرەپ،
كۆي رەنالىرى تۇرار ئەسلەپ.

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

بۈگۈنكى كۈندە، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى راكېتا تېزلىكى سۈرئىتىدە تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولغاچقا، يېڭى بىلىملەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلىمنىڭ كونىراش سۈرئىتىنى ئاشۇرماقتا. ئەمما، مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، جۇڭگونىڭ دۆلەت گۆھىرى دەپ نام ئالغان ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»ى شاللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىدە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ پارلاق ئۆتمۈشچۇ؟ بۈگۈنى ياخشى چۈشىنىش ۋە قەدىرلەش

ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىدا ئېرىشكەن دەسلەپكى نەتىجىلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن يەرلىك «مۇقام» لارنى قېزىش، رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئارقا - ئارقىدىن «دولان ئون ئىككى مۇقامى»، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىلى - ياركەنت ئون ئىككى مۇقامى»، «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى»، «خوتەن - قارىقاش ئون ئىككى مۇقامى»، «توقسۇن دەرداغ ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مۇقاملار رەتلىنىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن باي بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم ھازىرغىچە نامى ۋە سىرى تېخى ئاشكارىلانمىغان «دولان ئون ئىككى مۇقامى» دىكى ئاساسلىق مۇقام «زىل باياۋان مۇقامى» نىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن 2003- يىلى ئەتراپىدا ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملارنىڭ سىستېمىلاشقان، مۇقىملاشقان تەرتىپ نامىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

# ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ تەرتىپ نامىلرى

| № | ئاقسۇ ئاۋات ناھيسىنىڭ دولان مۇقام نامىلرى | قەشقەر مارالبېشى ناھيسىنىڭ دولان مۇقام نامىلرى | قەشقەر مەكىت ناھيسىنىڭ دولان مۇقام نامىلرى | تۇرپان خەلق مۇقاملىرىنىڭ نامىلرى | قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىنىڭ نامىلرى | خوتەن قارىقاش خەلق مۇقاملىرىنىڭ نامىلرى | ئۇيغۇر كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نامىلرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | باش باياۋان مۇقامى | زىل باياۋان | باش باياۋان | راك باياۋان | دۇر مۇقامى | راك مۇقامى | راك مۇقامى |
| 2 | بوم باياۋان مۇقامى | بوم باياۋان | زىل باياۋان | دەرداغ باياۋان | ئۇلۇغدۇر مۇقامى | چارگاھ مۇقامى | چەببىيات مۇقامى |
| 3 | زىل باياۋان مۇقامى | سىم باياۋان | چۆل باياۋان | مۇشاۋىرەك مۇقامى | مۇستەزات مۇقامى | ناۋا مۇقامى | مۇشاۋىرەك مۇقامى |
| 4 | سىم باياۋان مۇقامى | باش باياۋان (راك) | ئۆتەك باياۋان | چارگاھ مۇقامى | چارگاھ مۇقامى | ئۇشاق مۇقامى | چارگاھ مۇقامى |
| 5 | مۇغال باياۋان مۇقامى | جۇلا | بوم باياۋان | پەنجىگاھ مۇقامى | خۇپتەن مۇقامى | پەنجىگاھ مۇقامى | پەنجىگاھ مۇقامى |
| 6 | سامۇك باياۋان مۇقامى | چۆل باياۋان | سىم باياۋان | سىگاھ مۇقامى | چەببىيات مۇقامى | چەببىيات مۇقامى | ئۆزھال مۇقامى |
| 7 | جۇلا باياۋان مۇقامى | سامۇك باياۋان | جۇلا باياۋان | ئىراق مۇقامى | مۇشاۋىرەك مۇقامى | بايات مۇقامى | ئەجەم مۇقامى |
| 8 | چۆل باياۋان مۇقامى | ناۋا باياۋان | خودەك باياۋان | ئۇشاق مۇقامى | ئۆزھال مۇقامى | ھۇسەينى مۇقامى | ئۇشاق مۇقامى |
| 9 | دولامەت باياۋان مۇقامى | دوگامەت باياۋان | دوگامەت باياۋان | ناۋا مۇقامى | دوگاھ مۇقامى | سىگاھ مۇقامى | بايات مۇقامى |
| 10 | بوزرۇك باياۋان مۇقامى | چۆل بۇيۇك باياۋان | بوستان باياۋان | باياۋان مۇقامى | دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى | سەنەم نەغمىسى مۇقامى | ناۋا مۇقامى |
| 11 | ناۋا باياۋان مۇقامى | دۇتار باياۋان | ساباھ بايان | دولامەت باياۋان | ئىراق مۇقامى | ئالاي ـ لاي مۇقامى | سىگاھ مۇقامى |
| 12 | ئەرزىھال باياۋان مۇقامى | يەكتەك باياۋان | — | كونا چەببىيات مۇقامى | راك مۇقامى | مەمەلۇم | ئىراق مۇقامى |

بىز يۇقىرىدىكى روشەن سېلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، «زىل باياۋان مۇقامى» ئاۋات ناھىيىسى، مەكىت، مارالبېشى (بارچۇق) قاتارلىق يۇرتلارنىڭ مۇقاملىرىنىڭ تەركىبىدە بار، باشقا ئورۇنلارنىڭكىدە يوق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئۈچ ناھە-يىنىڭ يەرلىك مۇقاملىرى «دولان ئون ئىككى مۇقامى»نى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟

مەن يېقىنقى يىللار مابەينىدە دولان مۇقامى ئۈستىدە بىر قاتار ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. راستىنى ئېيتقاندا، دولان مۇقاملىرى ئۈس-تىدە ئىزدەنسەك، تەتقىق قىلساق، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان سوئاللار، يېشىلمىگەن سىرلار، ئېچىلمىغان بۇلاقلار خېلى كۆپ. دولان مۇقامىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا سەھنىلەردە مۇقام توۋلاش، دولان مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ۋايىغا يەتكۈ-زۈپ ئويناش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى پۇختا تىكلىنىشى كېرەك. پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولمىغان ھەرقانداق مەدەنىيەت ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەن «دولان زىل باياۋان مۇقامى» ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان كۈنلەردە، ئاتا ھەم ئانا تەرەپ ئۈچ ئەۋلاد ئاتا- بوۋىلىرى تەكلىماكان چۆللۈكىدىكى تارىم دەريا ۋادىسىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن، تەكلىماكان تارىخى ھەققىدە ھايات لۇغەت ئېزىز ئابلىز (ئاۋات ناھىيىلىك

مەدەنىيەت ئىدارىسىدە) ۋە 6 ـ ئەۋلاد داڭلىق دولان مۇقام ئۇستازى ئابدۇقادىر مۇسا قاتارلىق ئاكىلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلەشتىم. ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۆمرىنى تەكلىماكان چۆللىكى ئەتراپىدا ئۆتكۈزگەن ئاتام رەھمەتلىك نامان سامى (1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن) مەن كىچىك ۋاقتىمدا سۆزلەپ بەرگەن زىل دەرياسى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش چىقتى. XIX ئەسىردە تەكلىماكان چۆللۈكىدە «زىل دەرياسى» دېيىلىدىغان سۈيى ئەلۋەك بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا دولانلىقلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1867 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئىلىدىن باشقا يەتتە شەھىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىدىكى بەدۆلەتنىڭ ۋاقتىدا، زىل دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان بۇ دولانلىقلار ئالۋان ـ ياساقنى بەرمەي ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەدۆلەت ھاكىمىيىتى سۈيى مول، ئەتراپى يېشىللىق، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىق بىلەن ئورالغان زىل دەرياسىنىڭ باش قىسمىنى توسۇۋېلىپ، قارام، كۇچتۇڭگۇر دولانلىقلاردىن ئۆچ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن زىل دەرياسى بويىدا ياشايدىغان دولانلىقلار ئۇسسۇزلۇق، ئاچارچىلىق دەستىدىن بۇ دەرياغا يېقىن بولغان مەكىت، مارالبېشى ۋە ئاۋات ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇ ـ

ـراقلاشقان. «دولان زىل باياۋان مۇقامى» زىل دەرياسى بويىدا ياشىغان دولانلىقلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، هازىرغىچە ئۇنىڭ نامىنى «زىل باياۋان مۇقامى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بەزىلەر «زىل باياۋان مۇقامى» دولان رۇۋابىنىڭ زىل تاردىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن ‹زىل باياۋان مۇقامى› دەپ ئاتالغان دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىدۇ، بۇ خىل قاراش خاتا. بۇ قاراشنىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى، دولان چالغۇلىرىنىڭ ( دولان راۋابى، دولان قالۇنى، دولان قىل غىجەكى، دولان نەغمە دېپى) پەيدا بولۇش تارىخى ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا مىلادىيەدىن VII ئەسىر بۇرۇنقى چاغلىرىدىن تارتىپ، مىلادىيەنىڭ II ئەسىرىگىچە هۆكۈم سۈرگەن تۇران دۆلىتىگە باغلانغان. ئەمما، «زىل باياۋان مۇقامى» كېيىنرەك پەيدا بولغان. «زىل باياۋان مۇقامى» زىل دەرياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاۋات ناهىيىسىدە بەزى يېزا- قىشلاقلاردا «زىل باياۋان مۇقامى»نى «موغال باياۋان مۇقامى» دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇقام ئاۋاتقا مارالبېشى ناهىيىسىدىن كىرگەن بولۇپ، مارالبېشى ناهىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاقتىكى موغال كەنتىدىن ئىبلاخۇن ئىسىملىك بىر مۇقامچى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى ئاۋات ناهىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئاۋات، ئاقسۇ، قارىتال قاتارلىق يۇرتلارغا «زىل باياۋان مۇقامى»نى تارقاتقان ئىبلاخۇن «زىل باياۋان مۇقامى»دا

مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئايۇپخان يېتىشىپ چىققان. بۇلار ئاۋاتقا يەرلىك بولمىغاچقا، ئاۋاتلىقلار ئۆز ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىنى فامىلىسى سۈپىتىدە قول-لىنىپ، ئۇلارنى «ئىلاخۇن موغال»، «ئايۇپخان موغال» دەپ ئاتىغان. ئايۇپخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى نايۇپخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا، ئۇنىڭ ئوغلى 6- ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى ئابدۇقادىر مۇساغا كەلگۈچە ھەممىسىنىڭ ئىسمىغا «موغال» دېگەن نام قوشۇلۇپ كەلگەن. بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دولان مۇقامچىلىرى بولۇپ، بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «زىل باياۋان مۇقامى»نى ساقلاپ كەلگەن. ئىلاخۇن ئەسلىي زىل دەرياسى بويىدا ياشاپ كەلگەن دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

«زىل باياۋان مۇقامى» باشقا دولان مۇقاملىرىغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى غەزەپ ئاچچىقىدا پارتلاپ كەتكەن ئادەمدەك زەردە بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. داپ ئۇرۇلۇشى «دۇم- تەك- دۇم، دۇم- تەك- دۇم» ... بولۇپ، رىتىمى ناھايىتى تېز، نازىر-كومغا ئوخشايدۇ. باشقا مۇقاملار تۆت ئۆزگىرىشتە تۈگىسە، زىل باياۋان توققۇز ئۆزگىرىشتە تۈگەيدۇ.

ئەمدى زىل باياۋان مۇقامىنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

## مۇقەددىمە

جانىمغۇ بەردى خۇدايىم،
بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ.
مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان،
لوقمان ھەكىم قالدىمۇ؟
ئىلاھتىن ئۆمۈر تىلەپ،
ئىستىگەن جان قالدىمۇ؟

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى

ماڭدىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
كەتسە يارىم بىخەۋەر،
قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

ئۆستەڭ بويى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.

مۇرادىغا يەتكۈچە،
ئىككى يار بىر بولغان يوق.

* * *

هارۋا ئايلىناي دەيدۇ،
مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ؟
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن
دوستتىن ئايرىلارمەنمۇ؟

ئېگىز يەرگە تۈگمەن قۇردۇم قۇملارنى كېچىپ،
جامالىڭنى بىر كۆرسەتكىن تۈگمەڭنى يېشىپ،
قوش ئالماڭنى ئېلىپ بەرگىن تۈۋىدىن كېسىپ،
مەن بوينۇمغا ئېسىۋالاي توپچىسىدىن تېشىپ.

* * *

دۇتارنىڭ تارى يوق،
كۆيگەن ئوتقا چارە يوق،
دەردى بارلار يىغلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

بىز يۇقىرىقى تېكىستلەردىن ھىجران ئاۋازى، ئاچچىق ھەسرەتلىك نالە- پەريادلارنى، قۇم- باياۋان، يېشىللىق، دەريا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تەبىئەت مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالايمىز.

90 ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بوستان مەيدانىدا

ياشلىق ئابدۇراخمان تۇردى ئىسمىلىك چارۋىچى بولۇپ، زىل دەرياسى توغرىسىدىكى قىسمەتلەرنى ناھايىتى تولۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ھازىرمۇ تارىم دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا ئانچە يىراق بولمىغان تەكلىماكان چۆللۈكىدە «زىل توقىيى» دېگەن جاي بولۇپ، ئەينى چاغدا زىل دەرياسىمۇ «زىل توقىيى» دەپ ئاتالغان. زىل دەرياسىنىڭ باش قىسمى بەدۆلەت تەرىپىدىن توسۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قۇملارنىڭ كۆچۈشى بىلەن، زىل دەرياسى بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئەمما، زىل توقىيى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

بىز يۇقىرىقى تارىخىي ئەينەكلەردىن ۋە ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن «دولان زىل باياۋان مۇقامى» زىل دەرياسى بويىدا ياشىغان دولانلىقلار قوۋمىدىن بارلىققا كېلىپ ئاۋات ناھىيىسى ۋە مەكىت، مارالـ بېشى قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ئومۇملاشقان، دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. ئەگەردە «دولان راۋاـ بىنىڭ زىل تاردىن باشلانغان بولغاچقا ‹زىل باياۋان› دەپ ئاتالغان» دەپ قارىساق، قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى، تۇرپان خەلق مۇقاملىرى، خوتەن قارىقاش خەلق مۇقاملىرىدىمۇ دولان راۋابى ئىشلىتىلىدۇ. نېمىشقا ئۇلاردا «زىل باياۋان» دەپ يوق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەتتە. قۇمۇل مۇقاملىرىدا

دولان راۋابى ئاساسەن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، قۇمۇل مۇقاملىرىدا «زىل باياۋان» يوق. بۇ دەل «زىل باياۋان مۇقامى» زىل دەرياسى ئەتراپىدا ياشىغان دولان-لىقلاردىن بارلىققا كەلگەن دېگەن خۇلاسىمىزنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997- يىل 4- ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

2. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1980- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

3. مۇھەممەت ئوسماننىڭ «دولان مۇقام - مەشرەپ-لىرى»، 1995- يىل 9- ئاي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

4. «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (1-، 2-، 4- توپلام).

# دۇنياغا يۈزلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام»

مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە مەدەنىيەتلىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىمۇ بەزى مەدەنىيەتلەر بارا - بارا خىرەلەشسە، بەزىسى روشەنلەشتى. يەنە بىر قىسىم چەلگەش مەدەنىيەتلەر يا ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس، يا بۇنىڭغا تەۋە ئەمەس ھالدا رېئاللىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئۆز يىلتىزى ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك قارىشى ۋە روھىي ئاڭ قاتلىمىدا خۇددىي تىنىمسىز قۇتراۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يۈگۈرۈپ كېلىپ قىرغاققا ئۇرۇلىدۇ- دە، ئەكسىگە قايتىپ، يەنە دېڭىز دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا بىر قىسىم مەدەنىيەتلەر ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، روھىيەت دېڭىزىدا يەنىلا دولقۇنلايدۇ. بىر قىسىملىرى بولسا ئەكس سادا ھاسىل قىلىش دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شانلىق تارىخى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ ھەم دولقۇنلاۋاتقان، ھەم ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، روھىيەت دېڭىزىدا تېگىشلىك ئورۇن تۇتۇپ

كىلىشۋاتقان خاسىيەتلىك ئەگگۈشتەر بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا ئىلىمدە، ئاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل دۇنياغا يۈزلەندى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخىي مەنبەسى، ئىچكى ئىنېرگىيىسى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت بايلىقى، ئۇلۇغۋار ئەخلاق، مىزان، قائىدە- يوسۇنلىرى بولغانلىقىدا.

ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتلەر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرماقتا. ئۇيغۇر مۇقام- مەشرەپلىرى ئۇيغۇر- لارنىڭ ھايات- ماماتى، ئۆرپ- ئادەتلىرى، ئەخلاق - مىزانلىرى، پىسخىك خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا، ئەقىل - پاراستى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەجدادلىرىمىز «مەشرەپ ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئەگگۈشتەر»، «مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەم ئادەم ئەمەس» دېگەندەك ھازىرغىچە ئۇزاق تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا توپلىنىپ، مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە تاۋلىنىپ ئۈزۈلمەي ياڭراپ كەلگەن جانلىق، قائىدە- يوسۇنلۇق مۇزىكىلىق مەكتىپى. دۇنيا مەدەنىيىتىدە يېشىل يوپۇرماقتەكلا كۆزگە

ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تارىخىي سەنئەت كارىدورى. مەنىۋى دۇنيانى ئەقىل- ئىدراك كۆزى بىلەن نامايان قىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى، شۇنداقلا سەنئەت بىلەن ئەخلاق چەمبەرچاس باغلانغان خەلق ئۇنىۋېرستېتى. ئۇنىڭ دوكتور، ئاسپىرانتلىرى ئاددىي خەلق. شۇنداق، ناھايىتىمۇ ئاددىي خەلق! ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرى تۇرمۇش چىنلىقى كۈچلۈك پۇراقنا ئىگە باي، رەڭگارەڭ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئېتنوگىنىزىسى قەدىمكى «خۇ» «رۇڭ» ئىنسان تۈركۈملىرىدىن راۋاجلىنىپ، باشقا ئىنسان تۈركۈملىرى ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ھاسىل بولغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئەيتىم- چىرتىم (ناخشا- مۇزىكا) مەشرەپ ئۇسسۇللىرىمۇ قەدىمكى «خۇ»، «رۇڭ» مۇزىكا بەزمىلىرىدىن يىغىلغان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتى ئىچىدە شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەنىدى. ئۇ ئەنە شۇ تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 300 يىلغا (907 — 618) يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ۋېي، جىن، جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساستا

داۋاملىق راۋاجلانغان ۋە تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقانىدى. شىنجاڭ قەدىمكى سەنئەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر ماكانى بولغان بولسا، ھازىرقى XXI ئەسىردىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆز خاسىيىتىنى ساقلاپ، يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىكىگە ئەگىشىپ، ئۆز سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرمەكتە.

بۈرۈن مۇقاملار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن. XVI ئەسىردە ئۇلۇغ شائىرە، مۇزىكاشۇناس ئامانىساخان (مىلادىيە 1567 — 1533) «مۇقام» لارنى قېزىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ ھەم بەدىئىيلىك بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئاستىرونومىيە قانۇنىيىتىدىكى 12 ئاينى «12 مۇقام» غا، 365 كۈننى 365 كۈپلېت ناخشىغا، ئېيتىلىش ۋاقتىنى 24 سائەتكە تەقلىد قىلىپ، رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرگۈزدى. مۇقام يالغۇز مۇزىكا ئەسىرى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئۇيغۇر خەلقى قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۇنسايىن مۇكەممەللىشىۋاتقان، شانلىق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى سەنئەت قامۇسىغا ئايلىنىپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن.

XIX ئەسىردە بۇ يۈرۈشلۈك «مۇقام» بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ، ئۇن ئىككى قىسىم يۈرۈشلۈك مۇزىكا

بولغان. ھەربىر قىسىم يۈرۈشلۈك مۇزىكا ئىككى سائەتتە ئورۇندىلىپ بولغان. قىسقارتىلغان «مۇقام» لار «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغان. بىراق، يېزىق خاتىرىسى يوق ئىدى. 1951 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە «ئون ئىككى مۇقام» نى بىردىنبىر ئېيتا ـ لايدىغان داڭلىق پېشقەدەم سەنئەتكار تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئورۇندىشى بىلەن ئەستايىدىل ھەم ئومۇم ـ يۈزلۈك نوتىغا ھەم ئۈنگە ئېلىندى.

1962 ـ يىلى ۋەن تۇڭشۇ رەتلەپ چىققان «ئون ئىككى مۇقام» ئاخىرى بېيجىڭدا نەشردىن چىقىپ، قەدىمكى مۇقام يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ سەھنىگە چىقتى. 1979 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان مۇقام گۇرۇپپىسى ئاساسىدا 1989 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى رەسمىي قۇرۇلدى. 1993 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەلق نەشرىياتى «ئون ئىككى مۇقام» نى 12 كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى. 1994 ـ يىلى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئۈن لېنتىسى نەشر قىلىندى. 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ VCD, CD پىلاستىنكىلىرى شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى DVD نۇسخىسى تارقىتىلدى. يۇقىرىقىدەك تىرىشىش نەتىجىسىدە «ئون ئىككى مۇقام» دۆلەت ئىچىدىن دۇنياغا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيە ئاسىيا مۇزىكىلىرى

بىرلەشمە تورىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سەككىز سەنئەتكار لوندون خان جەمەتى مۇزىكا سارىيىدا ئالتە مەيدان ئويۇن قويدى. بۇ سەنئەتكارلار: غىياسىدىن بارات، ھۇسەنجان جامى، مۇساجان روزىيوپ، پاشا ئىشان، ياسىن مۇخپۇل، تۇرسۇن ئىسمايىل، ئىبزىز نىياز ۋە ئەترەت باشلىقى لياڭ شۇنيەن بولۇپ، ئۇلار ئورۇندىغان «تورپان مۇقامى»، «ئىلى مۇقامى» قاتارلىقلار ئەنگلىيىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى.

2005- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە «شىنجاڭ دولان مۇقامچىلىرى» فرانسىيە دۆلەتلىك «دۇنيا مەدەنىيەتلىرى مەركىزى» نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «9- نۆۋەتلىك تەسەۋۋۇر فىستىۋالى» دا فرانسىيىدە تۆت مەيدان دولان مۇقامى ئورۇندىدى ۋە «پوتا ئويۇنى»نى كۆرسەتتى. ھەرقانداق بىر ئۆمەك ئىككى قېتىم ئويۇن قويۇش ئىجازىتى ئالالايدىغان فرانسىيىدە بىزنىڭ دولان مۇقامچىلىرىمىز (مەكىت دولان مۇقامچىلىرىنى ئاساس قىلغان) تۆت مەيدان ئويۇن قويدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بىرىنچى مەيدان ئويۇنىنىڭ غۇلغۇلىسى، تەسىرىدە 2-، 3- مەيداننىڭ بېلىتى تېخىمۇ قىس بولۇپ كەتتى. ئەزەلدىنلا مەدەنىيەت-سەنئەتكە ھېرىسمەن ۋە جېنىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيدىغان، كىتاب مەستانىسى فرانسىيىلىكلەر يېقىن كىشىلىرى، ئۇستازلىرىنى باشلاپ كېلىپ قايتا كۆردى، ھەتتا قانماستىن ئۇدا تۆت قېتىم كۆردى ( بۇ

ھەقتىكى تەپسىلاتقا قىزىققۇچىلار «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 5 ـ سانىدىكى مۇقەددەس مىجىتنىڭ «دولانىلىقلار پارىژدا» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈڭ) .

2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئاساس قىلىپ تاللانغان 30 كىشىلىك ئۇيغۇر سەنئەتتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ياپونىيە يىپەك يولى كۈلۈبى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەكلىپى ۋە تەشكىللىشى بىلەن «بۈيۈك يىپەك يولى ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرى» نى ئورۇنداپ، ياپونىيە خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بۇ ئۆمەك بىر ئاي جەريانىدا توكيو، تاما قاتارلىق شەھەرلەردە 24 مەيدان ئويۇن قويۇپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ياپونىيە خەلقىگە نامايان قىلدى. ئويۇن قويۇلغان بەزى جايلاردا تاماشىبىنلار ھاياجاندىن كۆز يېشى قىلىشتى. 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قويۇلغان بىر مەيدان ئويۇندا ياشىنىپ قالغان ياماشىتا ساچى خانىم شۇ كۈندىكى مەيدان باشقۇرغۇچىغا: «مەن سىزگە ۋەسىيەت قالدۇراي، مەن ئۆلگەندە مېنىڭ ئۇستىخىنىمنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈپ، ماتەم مۇراسىمىدا مۇراسىم ناخشىسى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىسىنى چېلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان.

ئەمدى نەزىرىمىزنى 90 ـ يىللارغا ئاغدۇرساق،

1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «چەببىيات مۇقامى» جۇڭگو ـ پاكىستان مەدەنىيەت كېلىشىمىگە ئاساسەن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قويۇلۇپ كۆرگۈچىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىدى.

1991 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا «ياۋروپا يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» دا گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدە «چەببىيات» مۇقامىنى ئورۇنداشتا ماھارەت كۆرسىتىپ، ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» تارىخىدا كۆرۈلگەن يېڭى نامايەندە بولدى. فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گوللاندىيە، پولشا، كورىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مۇقامىنى تەتقىق قىلىشىغا ئىلھام بەردى.

دېمەك، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ـــ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى سېھىرلىك سەنئەت بېغى؛ شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بىباھا گۆھەر؛ ئۇيغۇر مىللىتىنى مەدەنىيەتلىك مىللەت سۈپىتىدە پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتىدىغان، كەلگۈسى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۇتاشتۇرىدىغان بىباھا گۆھەر؛ زامانلار تۈركۈملىرىدە ئۈزلۈكسىز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە!

ھاياتلىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىدىغان بولغاچقا، مۇزىكا، تەنتەربىيە ۋە

تۇرلۇك جىسمانىي پائالىيەتلەرنىڭ ساغلاملىقىقا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مۇزىكا، مۇقام- مەشرەپ ئۇسسۇللىرى، تەنتەربىيە، رادىئو گىمناستىكىسى ئۆزئارا ئورگانىك بىرىككەن ھەم سىستېمىلاشقان، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت قاتلىمى چوڭقۇر بولغان، تۆت تەييارلىق ھەرىكەت، توققۇز ئاساسىي ھەرىكەت، جەمئىي 13 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان «ئاۋات دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناس- تىكىسى» 2001- يىلى ئاۋات ناھىيىسىدە مەيدانغا كېلىپ، بىر مۆجىزە يارىتىلدى. 2004- يىلىغا كەلگەندە 10 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان «ئاۋات دولان مۇقامى گۈزەللىك گىمناستىكىسى» بارلىققا كېلىپ، يەنە بىر مۆجىزە يارىتىلدى. بۇ ئىككى گىمناستىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ۋە ئەۋلادتىن- ئەۋلادقىچە داۋاملىشىش يولىنى ئېچىپ بەردى، بولۇپمۇ ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاساسىدا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئانىسى بولغان دولان مۇقام- مەشرەپلىرىنى ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىلدى. بۇ ئىككى گىمناستىكا كۈچلۈك يەرلىك پۇراقىقا ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىمۇ مەيدانغا كەلگەن يېڭى مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى بايانلىرىمىز بىزگە شۇنداق ھېكمەت قالدۇرىدۇكى: «ئون ئىككى مۇقام» دا ناھايىتى زور

هاياتي كۆچ بار، ئۇ دۇنياغا يۈزلىنىۋاتىدۇ: «ئون ئىككى مۇقام» دا نۇرغۇن يوشۇرۇن سىرلار بار. ئۇ ئىچكى ئېنېرگىيىسىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» دا تەبىئىي سېھري كۆچ بار، ئۇ جەلپ-كارلىقىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» دا پۈتمەس- تۈگىمەس مەدەنىيەت قاتلىمى ھەم ئىزناسى بار. ئۇ باھار شامىلىدەك ئىللىقلىق ئېلىپ كەلمەكتە.

«ئون ئىككى مۇقام» دا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 62 خىل ئۇيغۇر چالغۇ-لىرى بار. ئۇ «مۇزىكا تەڭرىنىڭ تىلى» دېگەن ھېكمەت بويىچە كۆڭۈللەر ئىشىكىنى ئىختىيارسىز ئېچىپ كىرىپ، مىللەت، ئىرق ئايرىماستىن، يۈكسەك دەرىجىدىكى ھاياتلىق ھۇزۇرىنى بەرمەكتە.



本集子收录了作者的关于刀郎麦西来甫的 10 几篇论文。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھېكىم**
مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**


# دولان مەشرەپ ـ مۇقامىنىڭ سېھرىي كۈچى


ئاپتورى: **ھۈسەنجان نامان**


---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 5.5
2008 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1581

---

ISBN 978—7—5373—1606—4
باھاسى: 12.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**



ISBN 978-7-5373-1606-4

9 787537 316064 >

定价：12.00元